سىز بىلىشنى ئەڭ خالايدىغان

ئىزىمىز Play™ robot

ئىزىمىز بىلىم خەزىنىسى

# يېشىلمىگەن سىرلار




شىنجاڭ گۈزەل سەنئەت ـ فوتو سۈرەت نەشرىياتى

# كىرىش سۆز

نەشرىياتىمىز تاللاپ تەرجىمە قىلىپ نەشرگە تەييارلىغان «ئادەم بەدىنىدىكى سىرلار»، «ھايۋانلاردىكى سىرلار»، «ئالەمنىڭ سىرى»، «يەر شارىنىڭ سىرى»، «ھەربىي ئىشلارنىڭ سىرى»، «يېشىلمىگەن سىرلار» قاتارلىق ئالتە پارچە كىتاب پەننىي ئومۇملاشتۇرۇش خاراكتېرىدىكى ئوقۇشلۇقلار بولۇپ، ئۇنىڭ ئاساسىي ئوبيېكتى ھەر خىل ياشتىكى كەڭ ئوقۇرمەنلەر، ئۇلار بۇ بىر يۈرۈش كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزى ئارزۇ قىلغان ھەر خىل پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىگە ئېرىشىدۇ، بۇنىڭ بىلەن بىر تەرەپتىن ئۆزلىرىنىڭ پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئاشۇرۇپ ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ئۆستۈرىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، پۈتۈن جەمئىيەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ پەن ـ تېخنىكا جەھەتتىكى ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ياخشىلاش ۋە ئۆستۈرۈش مۇھىتىنى ھازىرلايدۇ.

مەلۇمكى، 21 ـ ئەسىر بىلىم ئىگىلىكى دەۋرى. بىلىم ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ ئاساسىي كاپىتالى ۋە ئېنېرگىيىسى. ئىنسانلار ئۆزلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىنى يارىتىش ۋە گۈزەل كەلگۈسىنى قۇرۇشتا بىلىمدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي كاپىتالغا ۋە ئېنېرگىيىگە تايىنىدۇ. چۈنكى تەبىئەت ۋە جەمئىيەتنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئېيتقاندا ئىنسانلارغا كېرەكلىك ھەر خىل تەبىئىي بايلىقلار بىلەن ھاسىلات بايلىقلىرى ھامان خوراپ تۈگەيدۇ. ئىنسانلار تەرەققىيات ئۈچۈن يەنىلا بىلىمگە تايىنىدۇ. چۈنكى بىلىم مەڭگۈ

خورىماس، پۈتمەس مەنبۇى بايلىق، ئۇنىڭ ئىستىقبالى ھەممىدىن پارلاق. بېكوننىڭ «بىلىم ـ كۈچ» دېگەن ھېكمىتى بىلەن ئۇلۇغ ئۇيغۇر پەيلاسوپى يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «بىلىم ـ بەخت كەلتۈرگۈچىدۇر» دېگەن ھېكمىتىنىڭ ھەقىقىتى دەل شۇ يەردە.

كەڭ پۇقرالارنىڭ ئەقلىي، ئەخلاقىي، جىسمانىي، گۈزەللىك ۋە مەشغۇلات ئىقتىدارىنى تەربىيىلەپ يېتىلدۈرۈشتە تەبىئەت ۋە جەمئىيەت ھەققىدىكى ھەر خىل بىلىملەرنىڭ رولى ناھايىتى چوڭ. پارتىيە ۋە ھۆكۈمىتىمىز ئوتتۇرىغا قويغان ئىلمىي تەرەققىيات قارىشىنى ئىگىلەپ جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئىجتىمائىي تەرەققىياتىنى ئىلگىرى سۈرۈپ باي، قۇدرەتلىك، ئىناق جەمئىيەت بەرپا قىلىش ئىشىدا پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىنى ئومۇملاشتۇرۇش ئارقىلىق جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ساپاسىنى بەرپا قىلىش ئىنتايىن مۇھىم ئىستراتېگىيىلىك پىلان ۋە ھەممىدىن مۇھىم خىزمەت.

كىتاب ھەر خىل بىلىملەر مۇجەسسەملەشكەن مەڭگۈ خورىماس ۋە پۈتمەس بۇلاق، ئۇ ئوقۇرمەنلەرگە مەڭگۈلۈك مەنبۇى بايلىق ۋە قۇدرەتلىك روھىي ئېنېرگىيە بەخش ئېتىدۇ. شۇڭا ئۇلۇغ دانالار ئېيتقاندەك «كىتاب ـــ دەۋر پەلەمپىيى» بولۇپ، بىر سەرخىل كىتابنى ئوقۇش بىر سەرخىل ئۇنىۋېرسىتېتتا ئوقۇغانغا باراۋەر.

ھازىرقى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ھەر خىل پەننىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش، بۇ ئارقىلىق كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئىشىدا، كىتاب ئوقۇشنىڭ ئەھمىيىتى ۋە رولى مۇنتىزىم، سىستېمىلىق مائارىپنىڭ رولى ۋە ئەھمىيىتى بىلەن بىردەكلىككە ئىگە. شۇڭا نەشرىياتىمىز نەشرگە تەييارلىغان بۇ بىر يۈرۈش كىتابلارنىڭ ھازىرقى بىلىم ئىگىلىكى

دەۋرىدىكى رولى ۋە ئەھمىيىتى ناھايىتى زور.

بۇ بىر يۈرۈش كىتابلار كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ جۈملىدىن ياش ـ ئۆسمۈر ئوقۇرمەنلەرنىڭ ئوقۇش پايدىلىنىشىغا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. بولۇپمۇ كەڭ دېھقان ـ چارۋىچىلار، تىجارەتچىلەر، ئىشچىلار قاتارلىق ئاساسىي قاتلام ئوقۇرمەنلىرىنىڭ ئوقۇش پايدىلىنىشىغا ئىنتايىن ماس كېلىدۇ. بۇ كىتابلار ئاممىباباپلىققا، ئوقۇشچانلىققا، ئەمەلىيەتچانلىققا، ماسلىششچانلىققا ئىگە بولۇپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەر بۇ كىتابلارنى ئوقۇش ئارقىلىق ئۆزىگە كېرەكلىك پەن ـ تېخنىكا بىلىملىرىگە، تۇرمۇش بىلىملىرىگە، تەبىئەت بىلىملىرىگە ۋە ھەر خىل ئىجتىمائىي بىلىملەرگە ئىگە بولالايدۇ. بۇ بىلىملەرنى ئۆز تۇرمۇشى، قىلىۋاتقان كەسپىگە ماسلاشتۇرۇپ ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن بىۋاستە ئۆتكۈزۈپ تېگىشلىك مەنپەئەتكە ئىگە بولالايدۇ. شۇڭا، بۇ بىر يۈرۈش كىتابلار ھازىرقى بىلىم ئىگىلىكى دەۋرىدە ئۆزلىرىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كەڭ كىتابخانلارنىڭ پەن ـ تېخنىكا بىلىمى ۋە پەن ـ تېخنىكا ماھارىتى جەھەتتىكى ئۇنىۋېرسال ساپاسىنى ياخشىلاشتا رېئال ئەھمىيەتكە ئىگە بولۇپ، ئۇلارنىڭ جەمئىيەتنىڭ ۋە مىللەتنىڭ ئۇنىۋېرسال مەدەنىيەت ساپاسى مۇھىتىنى بەرپا قىلىش ئىشىدىكى رولىنى كىچىك چاغلاشقا بولمايدۇ. شۇڭا بىز ھەر خىل كەسىپتىكى ۋە ھەر قايسى رايونلاردىكى كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ بۇ بىر يۈرۈش ئوقۇشلۇقلاردىن پايدىلىنىپ ۋە ئۆگەنگەن بىلىملىرىنى ئەمەلىيەتنىڭ سىنىقىدىن ئۆتكۈزۈشىنى سەممىي ئۈمىد قىلىمىز.

نەشرىياتتىن

2009 ـ يىل 2 ـ ئاي

# مۇندەرىجە


## دۇنيا جۇغراپىيىسىدىكى يېشىلمىگەن سىرلار

زېمىندىكى يېشىلمىگەن سىرلار ......................2

سۇدىكى يېشىلمىگەن سىرلار............... 13

## دۇنيا تارىخىدىكى يېشىلمىگەن سىرلا

تارىخىي مەدەنىيەتتىكى يېشىلمىگەن سىرلار ..............26

تارىخىي قۇرۇلۇشلاردىكى يېشىلمىگەن سىرلار ..............55

## سىرلىق ھادىسىلەردىكى يېشىلمىگەن سىرلار

ئۇچار تەخسە ھەققىدىكى يېشىلمىگەن سىرلار ..............91

تەبىئەت ھادىسىلىرىدىكى يېشىلمىگەن سىرلار ............105

# دۇنيا جۇغراپىيىسىدىكى يېشىلمىگەن سىرلار

زېمىندىكى يېشىلمىگەن سىرلار

سۇدىكى يېشىلمىگەن سىرلار



# زېھىندىكى يېشىلمىگەن سىرلار

## جەنۇبىي قۇتۇپنى كىم تاپقان؟



1820 - يىلى يانۋاردا روسىيىنىڭ قۇتۇپ ئېكسپېدىتسىيىچىلىرىدىن بېلىنسگاۋزېن بىلەن لازارېۋ «شەرق» ۋە «تىنچلىق» ناملىق ئىككى كېمىنى باشلاپ جەنۇبىي قۇتۇپ چەمبىرىكىگە كىرىدۇ، شۇ چاغدا ھاۋا ئىنتايىن ناچار بولغاچقا كېمىلەر ئالغا ئىلگىرىلىيەلمەيدۇ. شۇ يىلى نويابىردا بۇ ئىككى كېمە جەنۇبىي قۇتۇپقا قايتا يۈرۈش قىلىدۇ. بۇنىڭ بىلەن جەنۇبىي قۇتۇپ قۇرۇقلۇقى خەلقى ئالەم ئالدىدا تۇنجى قېتىم نامايان بولىدۇ. ئامېرىكىلىقلار بۇ قاراشقا قوشۇلمايدۇ. ئۇلار جەنۇبىي قۇتۇپنى «ھاللۇ» ناملىق كېمىنىڭ كاپىتانى بامېر 1820 - يىلى 18 - يانۋاردا تاپقان ۋە تەپسىلاتىنى كاپىتان بېللىنسگاۋزېنغا ئېيتىپ بەرگەن دەپ قارايدۇ. ھازىر ھەر ئىككى دۆلەت ئۆزلىرىنىڭ گېپىدە چىڭ تۇرۇۋاتىدۇ، بىراق ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۆزلىرىنىڭ توغرىلىقىنى يېتەرلىك ئىسپات بىلەن دەلىللەپ بېرەلمىدى.

## جەنۇبىي قۇتۇپ قۇرۇقلۇقىدا تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت بارمۇ؟



ئامېرىكا ۋە روسسىيە سۇنئىي ھەمراھلىرىنىڭ بايقىشىچە، جەنۇبىي قۇتۇپتىكى مۇزلۇقتا بىر شەھەر كۆمۈلۈپ يېتىپتىمىش. ئېيتىلىشىچە، بۇ شەھەردە ئىمارەتلەردىن باشقا يەنە يۈتكىلەلەيدىغان قاتناش قوراللىرىمۇ بار ئىكەن. ئەگەر بۇ يەردە ھەقىقەتەن ھاياتلىق بولغان دېيىلسە، ئۇ تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەتمۇ ياكى باشقا بىرخىل چۈشەندۈرۈشمۇ بارمۇ؟ كىشىلەر بۇ مەسىلە ئۈستىدە يەنىمۇ ئىزدەنمەكتە.



## ئامېرىكا قىتئەسىنى كىم ئەڭ بۇرۇن تاپقان؟

1492 ـ يىلى 12 ـ ئۆكتەبىردە كولۇمبۇ مۇشەققەتلىك ئۇزاق سەپەر جەريانىدا كىشىلەر ئۇقمايدىغان ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىغا قەدەم باسقان. ھالبۇكى، ئىنسانلار بۇ زېمىندا خېلى بۇرۇنلا ياشاپ كەلگەچكە نۇرغۇن كىشىلەر ئامېرىكا قىتئەسىنى زادى كىم تاپقان دېگەن گۇماننى قويۇشىدۇ. بەزىلەر بۇ يەرنى شىمالىي ياۋروپالىقلار تاپقان، دېيىشىدۇ، چۈنكى ئۇلار بۇ زېمىندا ياۋروپا ئۇسلۇبىدىكى ئىمارەتلەرنىڭ خارابىلىرىنى بايقىغان، مۆلچەرلىنىشىچە، بۇ يادىكارلىقلار VII–XI ئەسىرلەرگە تەۋە ئىكەن؛ يەنە بەزىلەر ئۇ يەرگە ئافرىقىلىقلار ئەڭ بۇرۇن بارغان دېيىشىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئۇ يەردە ئافرىقىلىقلارنىڭ قالدۇق سۆڭەكلىرىنى تاپقان؛ يەنە بەزىلەر ئۇ يەردىن 1200 يىل ئىلگىرىكى جۇڭگولۇقلارنىڭ مومياسى تېپىلغان، شۇڭا بۇ يەرنى جۇڭگولۇقلار تاپقان، دېيىشىدۇ.







## ئاتلانتىس قۇرۇقلۇقى نەگە كەتكەن؟

ئوتتۇرا ئەسىردە ئاتلانتىس دېيىلىدىغان بىر ئارال دۆلىتى بولغان. بۇ ئارال دۆلىتى قەدىمكى يۇنان مەدەنىيىتىدىنمۇ بۇرۇنقى مەدەنىيەتكە ئىگە بولۇپ، بىر مەزگىل تازا گۈللەنگەنىدى. بىراق ئۇ بىر كۈندىلا ئىز ـ دېرەكسىز كۆزدىن غايىپ بولۇپ كەتكەن. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ قۇرۇقلۇق دېڭىزغا غەرق بولۇپ كەتكەنمىش، بىراق ئۇ نەگە غەرق بولغاندۇ؟ بەزىلەر ئۇنى ئامېرىكا قىتئەسى بىلەن مىسىر ئارىلىقىغا غەرق بولغان، چۈنكى بۇ ئىككى جاينىڭ مەدەنىيىتىدە ناھايىتى كۆپ ئوخشاشلىقلار بار دەپ قارايدۇ؛ يەنە بەزىلەر بۇ قۇرۇقلۇق ئوتتۇرا دېڭىزغا غەرق بولغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. ئاتلانتىسنىڭ زادى نەگە كەتكەنلىكى ئۈستىدە ئارخېئولوگلارنىڭ يەنىمۇ ئىزدىنىشىگە توغرا كېلىدۇ.



## ھىمالايا تېغى يەنە ئېگىزلەمدۇ؟





ھازىر ھىمالايا تېغىنىڭ ئەڭ ئېگىز چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكى 8848.12 مېتىر كېلىدۇ. ھىمالايا تېغى 4 ـ ئېرانىڭ 3 مىليون يىلى ئىچىدە تەخمىنەن 500 مېتىر ئېگىزلىگەن. ئوتتۇرا ھېساب بىلەن مىڭ يىلدا بىر مېتىر ئېگىزلىگەنىكەن. لېكىن يېقىنقى مىڭ يىلدا بولسا 500 مېتىر ئېگىزلىگەن. كىشىلەر ئۇنىڭ داۋاملىق ئېگىزلەش ـ ئېگىزلىمەسلىكىنى، يەنە قانچىلىك ئېگىزلەيدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ.



## فۇجى تېغى قانداق شەكىللەنگەن؟

فۇجى تېغى ياپونىيىنىڭ سىمۋولى شۇنداقلا دۇنيادىكى مەشھۇر مەنزىرىلىك ساياھەت جايلىرىنىڭ بىرى. فۇجى تېغى ئۇيقۇدىكى يانار تاغ ھېسابلىنىدۇ. تارىختا ئۇنىڭ مىلادىيە 800 ـ يىلى تۇنجى قېتىم پارتلىغانلىقى، يېقىنقى بىر قېتىم-لىقى بولسا 1707 ـ يىلى پارتلىغان-لىقى خاتىرىلەنگەن، ئېيتىشلارغا قارىغاندا، يانار تاغنىڭ پارتلىشى يۈز كىلومېتىردىن ئارتۇق يىراق-لىقتىكى توكيونى بىر قات قېلىن



يانار تاغ كۈلى بىلەن كۆمۈۋەتكەن، فۇجى تېغىنىڭ ئەتراپىدىكى تۈزلەڭلىكلەردىمۇ كۆچلۈك يانار تاغ تە-سىرى بولغان. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە فۇجى تېغى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 286 ـ يىلى بىر كېچىدىلا پەيدا بولغانمىش. ھازىر كىشىلەر ئۇنىڭ بىر كېچى-دىلا پەيدا بولمىغان-لىقىنى بىلسىمۇ، قانداق پەيدا بولغان-لىقىنى بىلمەيدۇ.



## نېمە ئۈچۈن نەمخۇش يەردىمۇ چۆل - جەزىرە بولىدۇ؟

نۆۋەتتە يەر شارىدىكى چۆل - جەزىرە ۋە قۇملۇقلارنىڭ كۆلىمى 15 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن ئارتۇق بولۇپ، يەر شارى قۇرۇقلۇقى كۆلىمىنىڭ تەخمىنەن $\frac{1}{10}$ نى ئىگىلەيدۇ. ئەنئەنىۋى نۇقتىئىنەزەر بويىچە چۆل - جەزىرە ۋە قۇملۇقلار يەر شارىدىكى قۇرغاق كېلىماتنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدۇ، يەر شارىدىكى چۆل - جەزىرە، قۇملۇقلارنىڭ ئاساسلىق تارقىلىش ئەھۋالىدىن قارىغاندىمۇ شۇنداق. يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلىنىشى قىسمەن رايونلارنى ئۇزاق مۇددەت ئولتۇرۇشقان ھاۋا ئېقىمى ھالىتىدە تۇرغۇزىدۇ. بۇنداق ھاۋا ئېقىمى يامغۇرنىڭ يېغىش جەريانىغا دەخلى قىلىپ كېلىماتنى ئىنتايىن قۇرغاق قىلىۋېتىدۇ. بۇنىڭ بىلەن كەڭ كۆلەمدىكى چۆل - جەزىرە ۋە قۇملۇق پەيدا بولىدۇ. ئەمما تار قۇملۇقى نەمخۇش، كۆپ يامغۇرلۇق كېلىماتتا بولۇپ، بەزىدە ھاۋادىكى سۇ مىقدارى ئىنتايىن يۇقىرى بولغان رايونلاردىكى يامغۇرلۇق ئورمانلىقلارنىڭكىگە ئوخشاپ قالىدۇ. بۇنداق قۇملۇق زادى نېمە سەۋەبتىن شەكىللەنگەن؟ بۇ ئالىملارنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىشىنى كۈتۈپ تۇرىۋاتىدۇ.



## نېمە ئۈچۈن «ئېغىرلىق كۈچى تېغى» شۇنچە سىرلىق؟



ئامېرىكىنىڭ يۇتا شتاتىدا بىر سىرلىق «ئېغىرلىق كۈچى تېغى» بار، تاغنىڭ يانباغرىدا 500 مېتىر ئۇزۇنلۇقتا تاشيول بار. ئەگەر ماشىنا بۇ يانباغىرلىق يولدىن چۈشۈۋاتقاندا تورمۇز قىلسا ئۇ ئاستا ـ ئاستا كەينىگە يېنىپ كېتىدۇ. ئەمما پۇتبولنى يۇقىرىدىن تۆۋەنگە تاشلىسا ناھايىتى نورمال ھالدا دومىلاپ چۈشۈۋېرىدۇ. تۇرلۇك تەجرىبىلەردىن ئايان بولدىكى، بۇ يولدا ماسىسى يېنىك جىسىملارغا قارىتا غەيرىيلىك كۆرۈلمەيدىكەن، لېكىن ئېغىر جىسىم يولدىن ئۆتكەندە يۇقىرىغا ئۆرلەش ھادىسىسى كۆرۈلىدىكەن. نۇرغۇن ئالىملار بۇ ھادىسىنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭ جاۋابىنى تاپالمايۋاتىدۇ.



## ?

## نېمە ئۈچۈن جۇڭگونىڭ «430» تاشيولىدا دائىم ماشىنا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىدۇ؟







ئېلىمىزنىڭ شىنجاڭدىن لەنجۇغا بارىدىغان تاشيولىنىڭ «430» كىلومېتىرلىق جايىدا دائىم قاتناش ھادىسىلىرى يۈز بېرىپ ئەقىلگە سىغمايدىغان ۋەقەلەر بولۇپ تۇرىدۇ. ئەمەلىيەتتە بۇ يول كەڭتاشا، تۈپتۈز، كۆرۈنۈشمۇ ئازادە، لېكىن نېمە ئۈچۈن ھەمىشە ۋەقە يۈز بېرىپ تۇرىدۇ؟ قاتناش تارماقلىرى قاتناش ھادىسىلىرىنى ئازايتىش ئۈچۈن بۇ يولنى ئۆزگەرتىپ ياسىغان بولسىمۇ ماشىنىلار يەنىلا ئاغدۇرۇلۇپ كېتىۋاتىدۇ. بەزى ئالىملار بۇنى ماگنىت مەيدانى كەلتۈرۈپ چىقارغان بولۇشى مۇمكىن دەۋاتىدۇ، بىراق كونكرېت ئىلمىي ئاساس تاپالمايۋاتىدۇ.

## قانداق كۈچ كىشنى گاراڭ قىلىپ قويىدۇ؟





پولشانىڭ پايتەختى ۋار-
شاۋا ئەتراپىدىكى ئۆچبۇلۇڭ
شەكىللىك ئاچالدا دائىم
قاتناش ۋەقەلىرى بولۇپ تۇ-
رىدىغان بىر غەلىتە جاي بار.
نۇرغۇن شوپۇرلار شۇ يەرگە
كەلگەن هامان كاللىسى
گاراڭ، كۆڭلى پاراكەندە
بولۇپ ئۆزىنى كونترول
قىلالماي، ماشىنا ۋەقەسىنى
كەلتۈرۈپ چىقىرىدىكەن. بۇ
شوپۇرلار يا هاراق ئىچىپ
مەس هالەتتە ماشىنا هەيدى-
مىگەن تۇرسا نېمە ئۈچۈن خۇدنى يوقاتقاندەك بولىدۇ؟ نۇرغۇن
ئالىملار بۇ
سىرلىق جاينى
تەتقىق قىلىۋاتى-
دۇ، بۇ سىرنى
بىلمەكچى بولۇۋا-
تىدۇ - يۇ، لېكىن
هازىرغىچە
هېچبىر نەتىجىگە
ئېرىشەلمىدى.



## نېمە ئۈچۈن ھالاكەت ئارىلىدا دائىم دېڭىز خەترى چىقىپ تۇرىدۇ؟

كانادانىڭ شەرقىي قىسمىدىكى شىمالىي ئاتلانتىك ئوكياندا سېيبىل دېگەن بىر كىچىك ئارال بار. بۇ ئارال ئەتراپىدا پاراخوت - كېمىلەر دائىم بالا - قازاغا ئۇچراپ تۇرغاچقا كىشىلەر بۇ ئارالنى «ھالاكەت ئارىلى» دەپ ئاتايدۇ. نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيان كۆچلۈك دولقۇننىڭ زەربىسىدە بۇ ئارالنىڭ كۆلىمى ۋە ئورنىدا ئۆزگىرىش بولغان. بەزىلەر بۇ ئارالدىكى ماگنىت مەيدانىنىڭ باشقا جايلارنىڭكىگە ئوخشاشماسلىقى پاراخوت - كېمىلەرنىڭ ئۇسكۈنىلىرىنى كاردىن چىقىرىپ دېڭىز خەترىنى پەيدا قىلىدۇ، دەپ قارايدۇ. بەزىلەر بۇ ئارالنىڭ كىلىماتى غەيرىي بولغاچقا پاراخوت - كېمىلەر ناھايىتى ئوڭايلا چاتاققا ئۇچرايدۇ، دەپ قارايدۇ. ھازىر نۇرغۇن ئالىملار «ھالاكەت ئارىلى» نى تەكشۈرۈۋاتىدۇ، لېكىن بىرلىككە كەلگەن جاۋاب تېخى تېپىلمىدى.



# سۇدىكى يېشىلمىگەن سىرلار

## دېڭىز سۈيى ئېقىپ نەگە كېتىدۇ؟

گرېتسىيىنىڭ قەدىمي شەھىرى ئاگۇسنىڭ دېڭىز ساھىلىدا زور مىقداردىكى دېڭىز سۈيىنى يۇتۇۋېتىدىغان تېگى يوق بىر ھاڭ بار. مۆلچەرلەشلەرگە قارىغاندا ھەر كۈنى بۇ ھاڭغا ئېقىپ كىرىدىغان دېڭىز سۈيى 30 مىڭ توننىدىن ئارتۇق ئىكەن. مۇشۇنداق يىللاپ ئېقىپ كىرىۋەرگەن سۇمۇ ئۇ ھاڭنى تولدۇرالمايدىكەن. بەزىلەر بۇ ھاڭنىڭ باشقا جايدا ئېچىقى بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشقان، شۇنداقلا نۇرغۇن كۆچ توپلاپ بۇ ئېچىقنى ئىزدىگەن بولسىمۇ ئاقىۋەت ھېچيەردىن تاپالمىغان. كىشىلەر بۇ ھاڭنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبى ئۈستىدە ئىزدەنگەن، ئەمما يەنىلا جاۋاب تاپالمىغان.



## ئوتتۇرا دېڭىزدىكى سۇ تۈۋرۈكى قانداق پەيدا بولغان؟



بىر پاراخوت ئوتتۇرا دېڭىزدا كېتىۋاتقاندا پاراخوت خادىملىرى توساتتىنلا دېڭىز يۈزىدە خۇددى ئاق بۇلۇتتەك تۈۋرۈكسىمان جىسىمنىڭ كۆتۈرۈلگەنلىكىنى بايقىغان، ئەمما ئۇ بىردەمدىلا كۆزدىن غايىب بولغان، كېيىن يەنە پەيدا بولۇپ، يەنە يوقاپ كەتكەن، مۇشۇنداق بىرقانچە قېتىم تەكرارلانغان، بۇ سۇ تۈۋرۈكى قانداق پەيدا بولغان؟ بەزىلەر بۇنى قۇيۇن كەلتۈرۈپ چىقارغان دېسە، بەزىلەر يانار تاغنىڭ پارتلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەيدۇ، يەنە بەزىلەرنىڭ ئوخشاشمىغان قاراشلىرى بار.

## نېمە ئۈچۈن جەنۇبىي قۇتۇپتىكى «ئارشاڭ كۆل» مۇز تۇتمايدۇ؟

جەنۇبىي قۇتۇپ دۇنيادىكى ئەڭ سوغۇق جاي، يىللىق ئوتتۇرىچە تېمپېراتۇرىسى نۆلدىن تۆۋەن 25 گرادۇس بولىدۇ. بۇ يەردە ئاجايىپ بىر كۆل ــ ئارشاڭ كۆلى بار. بۇ كۆلنىڭ سۈيى يىلبويى مۇز تۇتمايدۇ، نۆلدىن تۆۋەن 50 گرادۇستىمۇ شۇنداق تۇرىدۇ. بۇ كۆلنىڭ سۇ يۈزىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 0 گرادۇس، سۇنىڭ 15 مېتىرچە چوڭقۇر يېرىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 7.7 گرادۇس، 66 مېتىر چوڭقۇر يېرىنىڭ تېمپېراتۇرىسى 25 گرادۇسقا يېتىدۇ. بۇ كۆل مۇز تۇتمايلا قالماستىن، قانچە چوڭقۇرلىغانسېرى تېمپېراتۇرىسى شۇنچە يۇقىرىلايدۇ. هازىر نۇرغۇن ئالىملار بۇ سىرنى يېشىشنىڭ ئامالىنى قىلالمىدى.



## كۆل نېمە ئۈچۈن يۆتكىلىپ تۇرىدۇ؟

ئېلىمىزدىكى شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقىنىڭ شەرقىدە يۆتكىلىپ تۇرىدىغان لوپنۇر كۆلى دەيدىغان بىر كۆل بار. بۇ كۆل دائىم ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، شەكلى بەزىدە چوڭىيىپ، بەزىدە كىچىكلىسە سۈيىمۇ بەزىدە چوڭقۇرلاپ، بەزىدە تېيىزلاپ قالىدۇ، ھەتتا ئورنىمۇ يۆتكىلىپ تۇرىدۇ. XII ئەسىردە ئۇ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىي شىمالىدىكەن، 1782 ـ يىلىغا كەلگەندە ئۇنىڭ ئىككىگە بۆلۈنۈپ قالغانلىقى سېزىلگەن، كېيىن كىشىلەر يەنە ئۇنىڭ يوقاپ كەتكەنلىكىنى بايقىغان. بەزىلەر لوپنۇر كۆلى يۆتكەلمەيدۇ. بۇنى پەقەت سۇ كۆلىمىنىڭ چوڭ ـ كىچىك بولۇشى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەيدۇ، بىراق ئۇنىڭ ئورنى نېمە ئۈچۈن تارىخنامىلەردە خاتىرىلەنگەن ئورنىغا ئوخشىمايدۇ. بۇمۇ كىشىلەر يېشىپ بېرەلمەيدىغان غەلىتە ھادىسە.



## نېمە ئۈچۈن قۇدۇق سۈيىنىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ؟



ئېلىمىزدىكى خۇنەن ئۆلكىسىنىڭ دۇڭكو ناھىيىسى جۇشى بازىرىدا بىر قەدىمي قۇدۇق بار، ئۇنىڭ ئۇزۇنلۇقى ۋە كەڭلىكى ئوخشاشلا 1.5 مېتىر، چوڭقۇرلۇقى ئىككى مېتىر بولۇپ كۋادراتقا ئوخشىشىپ كېتىدۇ. ئۇ يەردىكى پۇقرالار نەچچە يۈز يىللاردىن بۇيان بۇ قۇدۇقنىڭ سۈيىنى ئىچىپ كەلگەن. بۇ سۇ باشتىن ـ ئاخىر سۈزۈك ھەم تاتلىق بولۇپ، ھېچقانداق غەلىتىلىك بولمىغانىكەن. بىراق 1979 ـ يىلىدىن بۇيان ھەر قېتىم يامغۇر يېغىشتىن بىر ـ ئىككى كۈن بۇرۇن سۈيى قوڭۇر رەڭ تەمى قىرتاق بولۇپ قالىدىغان بولۇپ قاپتۇ، بۇ ھال ھەر قېتىم ئىككى سائەتتىن بەش سائەتكىچە داۋاملىشىپ ئاندىن ئەسلىگە كېلىپ قالىدىكەن. نۇرغۇن ئالىملار بۇ قۇدۇق ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بەزىسى بۇ شۇ يەرنىڭ كېلىماتى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېسە، بەزىسى شۇ يەرنىڭ گېئولوگىيىلىك قۇرۇلمىسى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشتى. بىراق كونكرېت قايسى سەۋەب سۇنىڭ رەڭگى ۋە تەمىنى ئۆزگەرتىۋەتتى؟ ھازىرغىچە بۇنىڭغا جاۋاب بېرەلەيدىغان ئادەم چىقمىدى.

## نېمە ئۈچۈن بۇلاق سۈيى قەرەللىك ئېتىلىپ چىقىدۇ؟





ئامېرىكىنىڭ يېللوستون باغچىسى ئەڭ بالدۇر ئېچىلغان دۆلەت باغچىسى شۇنداقلا دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تەبىئىي قوغداش رايونلىرىنىڭ بىرى. باغچىدا دۇنياغا مەشھۇر بىر قەرەللىك ئېتىلىدىغان بۇلاق بار، ئۇنىڭ نامى ئېھتىياتچان بۇلاق، ئېھتىياتچان بۇلاق 50 ~ 60 مېتىر ئېگىزلىككە ئېتىلىپ چىقالايدۇ ۋە ئىنتايىن ھەيۋەتلىك كۆرۈنىدۇ. ئۇنىڭ ئېتىلىپ چىقىشىمۇ بەك قەرەللىك بولۇپ، بىر سائەتتە بىر قېتىم بەش مىنۇت ئېتىلىپ چىقىدۇ، ئەزەلدىن خاتالىق كۆرۈلگەن ئەمەس. بەزىلەر بۇلاق سۈيىنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى يەر ئاستىدىكى يېرىقلارنىڭ تەسىرى دەپ قارايدۇ، ئەمما ھازىرغىچە ئۇنىڭغا يېتەرلىك ئىسپات چىقمىدى.



## نېمە ئۈچۈن بۇلاق سۈيى جانۋارلارنى ئۆلتۈرەلەيدۇ؟





ئېلىمىزدىكى يۈننەن ئۆلكىسىنىڭ تېڭچوڭ ناھىيىسىدە زەھەرى ئىنتايىن كۈچلۈك بۇلاق بار. ئۇ ئەمەلىيەتتە كىچىككىنە كۆلچەك بولۇپ سۈيى سۈزۈك، قارىماققا ھېچقانداق غەيرىيلىك كۆرۈنمەيدۇ. لېكىن بۇ بۇلاقنىڭ سۈيىنى بىلمەي ئىچىپ قويغان جانۋارلار شۇ ھامان جان بېرىدۇ، ھەتتا بۇلاق ئۈستىدىن ئۇچۇپ ئۆتكەن قۇشلارمۇ موللاقشىپ چۈشۈپ ئۆلۈپ قالىدۇ. بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە؟ بۇ سۇدا قانداق ئاجايىپ كۈچ بارلىقى ئۈستىدە كىشىلەر تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا.

## ؟ نېمە ئۈچۈن مۇقەددەس بۇلاقنىڭ سۈيى ئېغىر كېسەللەرگە داۋا بولىدۇ؟

فرانسىيىنىڭ پىرىنېي تاغ تىزمىسىدىكى رادىس دەيدىغان بىر كىچىك بازاردا ئېغىر كېسەللەرگە داۋا بولىدىغان مۇقەددەس بۇلاق بار. ھەر يىلى تەخمىنەن 4 مىليون 300 مىڭ كىشى رادىسقا كېلىدۇ، بۇنىڭ ئىچىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر كېسەلگە شىپالىق تاپالمىغان كېسەللەر ئىكەن، ئۇلار سۇغا چۈمۈلگەندىن كېيىنلا كېسىلى يېنىكلەپ قالىدىكەن، ھەتتا سەللىمازا ساقىيىپ كېتىدىكەن. نۇرغۇن ئالىملار بۇ مۇقەددەس بۇلاقنىڭ كېسەلگە داۋا بولىدىغانلىقىغا ئىشەنمەي، سالامەتلىكى ئەسلىگە كەلگەن كىشىلەر ساقايماس كېسەلگە گىرىپتار بولغانلار بولماسلىقى مۇمكىن، ئۇلار بۇلاق داۋا بولىدۇ دەپ قارىغاچقا، روھىي ھالىتى ۋە جىسمانىي جەھەتتە ئۆزگىرىش بولغان دەپ قاراشتى. لېكىن بۇ سۆزلەر كىشىلەرنى قايىل قىلالمىدى. ئۇلار بۇ بىمارلارنىڭ ھەممىسىنىڭلا دىئاگنوزى خاتا قويۇلمىغاندۇ دېيىشتى. ھازىر كىشىلەر مۇقەددەس بۇلاقنى پەن بىلىملىرى ئارقىلىق چۈشەندۈرۈشنىڭ ئامالىنى ئىزدىمەكتە.



## نېمە ئۈچۈن پاراخوتلار ھەمىشە ئۇمىد تۇمشۇقىدا پالاكەتكە ئۇچرايدۇ؟

ئۇمىد تۇمشۇقى ئاتلانتىك ئوكيان بىلەن ھىندى ئوكيان ئوتتۇرىسىدىكى سۇ ترانسپورتىدا مۇقەررەر ئۆتىدىغان يول. ناھايىتى نۇرغۇن پاراخوت ئۇمىد تۇمشۇقىدىن ئۆتكەندە شىددەتلىك دولقۇنغا يولۇقۇپ پالاكەتكە ئۇچرايدۇ. ئۇمىد تۇمشۇقى رايونىدا بىر يىلنىڭ ئالاھىزەل 100 كۈنىدىن ئارتۇقراق شىددەتلىك بوران چىقىپ دەھشەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلىدۇ. ئۇمىد تۇمشۇقىدا نېمە ئۈچۈن دېڭىز دولقۇنى تولا، نېمە ئۈچۈن پاراخوتلار ھەمىشە پالاكەتكە ئۇچراپ تۇرىدۇ؟ بەزى ئالىملار بۇ يەردىكى غەرب شامىلى زور دولقۇن پەيدا قىلىپ پاراخوتلارنى پالاكەتكە ئۇچرىتىدۇ دېسە، يەنە بەزى ئالىملار پاراخوتلار دېڭىز ئېقىمىغا قارىمۇ قارشى يۆنىلىشتە ماڭغانلىقى ئۈچۈن زور دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ پاراخوتلارنىڭ ھەمىشە پالاكەتكە ئۇچرىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ، دەيدۇ.



## نېمە ئۈچۈن ئېلىمىزنىڭ پوياڭ كۆلىدە ئۆزلۈكىدىن كېمە چۆكۈپ كېتىش ۋەقەسى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ؟



كىشىلەر پوياڭ كۆلىدىكى لاۋيې ئىبادەتخانىسى ئەتراپىدا دائىم كېمە چۆكۈپ كېتىش ھادىسىسى يۈز بېرىدىغانلىقىنى بايقىغان. كېمە چۆكۈپ كېتىش ۋەقەسىنىڭ كۆپى باھاردىكى مارت، ئاپرېل ئايلىرىدا، ھەمىشە ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى يۈز بېرىدىكەن، ئاندىن تۇساتتىنلا بوران - چاپقۇن بولۇپ شىددەتلىك دولقۇن كۆتۈرۈلۈپ يامغۇر يېغىپ كېتىدىكەن. بۇ ھال ھەر قېتىم بىرنەچچە مىنۇتتىلا تۈگەيدىكەن، تەكشۈرۈش ئەترىتى ئۇزمەي تەتقىق قىلىسىمۇ، ھازىرغىچە يەكۈن چىقىرالمىدى.

## نېمە ئۈچۈن زىمبابۋېدىكى «ئالۋاستى ھالڭ» دا غايىبانە تارتىش كۈچى بار؟

زىمبابۋېدا بىر قەدىمكى ئىنسانلارنىڭ غار خارابىسى بار، ئۇ ئىككى ئۆڭكۈر ۋە ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى چوڭقۇر ھاڭدىن تەركىب تاپقان. ئىككى ئۆڭكۈرنىڭ ئارىلىقى ئون مېتىرچە كېلىدۇ، بىر ئۆڭكۈردىن يەنە بىر ئۆڭكۈرگە ھەرقانچە كۈچەپ نەرسە تاشلىسىڭىزمۇ ھاڭغا چۈشۈپ كېتىدۇ. بۇنى ھاڭنىڭ تارتىش كۈچى كەلتۈرۈپ چىقارغان، لېكىن بۇ تارتىش كۈچىنىڭ قانداق شەكىللەنگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.





## نېمە ئۈچۈن بېرمۇدا ھەممە نەرسىنى سۈمۈرۈۋې-تەلەيدۇ؟

بېرمۇدا ئەتراپىدا دائىم ھالاكەتلىك ۋەقەلەر يۈز بېرىپ تۇرغاچ-قا، كىشىلەر ئۇ يەرنى «ئالۋاستى ئۈچبۇرجەك رايونى» دېيىشىدۇ. پارا-خوت - كېمىلەر بۇ يەردە غەلىتە پالاكەتلەرگە ئۇچراپ دېڭىزغا چۆكۈپ كېتىدۇ، بەزىلىرى ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كېتىدۇ؛ بەزى ئايروپىلانلار بېرمۇدا ھاۋا بوشلۇقىدىن ئۆتكەندە توساتتىنلا نىشانىدىن ئادىشىپ قالىدۇ - دە، قايتىپ كېلەلمەيدۇ. يېقىنقى ئون نەچچە يىلدىن بېرى ئىلگىرى - كېيىن بولۇپ 30 دىن ئارتۇق ئايروپىلان بۇ يەردە بالاغا يولۇقتى، 100 دىن ئارتۇق كېمە - پاراخوت ھالاكەتكە ئۇچرىدى. كىشىلەر بېرمۇدا دېگەن سۆزنى ئېغىزغا ئالسىلا قورقۇپ يۈرىكى قېپىدىن چىقىپ كەتكۇدەك بولىدۇ، لېكىن ھازىرغىچە ھېچكىم «ئالۋاستى ئۈچبۇرجەك رايونى» نىڭ سىرىنى يېشەلمىدى.



# دۇنيا تارىخىدىكى يېشىلمىگەن سىرلار

- تارىخىي مەدەنىيەتتىكى يېشىلمىگەن سىرلار
- تارىخىي قۇرۇلۇشلاردىكى يېشىلمىگەن سىرلار



# تارىختىكى مەدەنىيەتتىكى يېشىلمىگەن سىرلار

## نېمە ئۈچۈن مايالار ئۆز ماكانىدىن كېتىپ قالغان؟

مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى Ⅲ ئەسىردىن كېيىن مېكسىكىنىڭ جەنۇبىدىكى بەزى رايونلاردا شانلىق مەدەنىيەتكە ئىگە بىر توپ مايالار ياشىغانىدى، لېكىن مىلادىيە X - ئەسىردە ئۇلار تۇيۇقسىزلا ئۆزلىرىنىڭ ھەشەمەتلىك شەھەرلىرىدىن ئايرىلىپ ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن. نېمە ئۈچۈن ئۇلار تۇيۇقسىز غايىب بولىدۇ؟ بەزىلەر كېلىمات ئۆزگەرگەندىن كېيىن بۇ يەردىن كەتكەن دېسە، بەزىلەر ۋابا تۇپەيلى كېتىپ قالغان دەيدۇ، يەنە بەزىلەرنىڭ ئوخشاشمىغان قاراشلىرى بار، مايالار كىشىلەرگە يەشمەك تەس بىر سىرنى قالدۇرۇپ كېتىپ قالغان، بۇنى ھېچكىم يېتەرلىك دەلىل بىلەن يېشىپ بېرەلمىدى.





# نېمە ئۈچۈن مايالار شەھەرلەرنى دەريا بويلىرىغا سالمىغان؟



كىشىلەر ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ مەنبەسى دەريا بويلىرىدا بولىدىغانلىقىنى بايقىغان، چۈنكى دەريا سۈيىنى ئىچكىلى ۋە ئۇنىڭ بىلەن يەر سۇغارغىلى بولىدۇ. شۇنداقلا ئۇنى كېمە قاتنايدىغان سودا يولى قىلغىلىمۇ بولىدۇ. مايالارنىڭ ئىنتايىن ئاۋات شەھەرلىرىنىڭ ئىمارەتلىرى ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقلىرى ئارىسىدا بولۇپ، دەريالاردىن خېلى يىراقكەن. شۇ چاغدىكى مايالار ناھايىتى مول بىلىم ۋە خېلى يۇقىرى مەدەنىيەتكە ئىگە تۇرۇغلۇق شەھەرلەرنى دەريا بويلىرىغا قۇرماپتۇ، بۇنىڭ تېگىگە يەتمەك ھەقىقەتەن تەس.



## نېمە ئۈچۈن مايا مەدەنىيىتى يوقاپ كەتكەن؟





كىشىلەر بىردەك مايا مەدەنىيىتىگە ئىنتايىن قىزىقىدۇ، ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن يەر شارىدىن يوقاپ كەتكەنلىكىنى بىلىپ باققۇسى كېلىدۇ. بۇ يىراق قەدىمكى زامان سىرىنى يېشىش ئۈچۈن XX ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ ئاخىرىدا ئارخېئولوگلار، زوئولوگلار ۋە ئوزۇقلۇقشۇناسلارنى ئۆز ئىچىگە ئالغان 45 نەپەر ئالىمدىن تەركىب تاپقان بىر ئۇنىۋېرسال تەكشۈرۈش ئەترىتى ماراپېتىن يامغۇرلۇق ئورمىنى رايونىغا ئاتلىنىپ ئالتە يىل ۋاقىت ئىچىدە تەخمىنەن 200 دىن ئارتۇق مايا مەدەنىيىتى خارابىسىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ باردى. ئۇلار مايا مەدەنىيىتى بايلىق ۋە ھوقۇق تالىشىدىغان قانلىق ئىچكى ئۇرۇشتىكى قىرغىنچىلىقتا گۇمران بولغان دەپ قارىدى. بۇ قاراشنىڭ ئوتتۇرىغا قويۇلۇشى كىشىلەرنى مايالار ھەققىدە يېڭى تونۇشقا ئىگە قىلغان بولسىمۇ، ئۇنىڭ توغرا ـ خاتالىقى ھەققىدە ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈشكە توغرا كېلىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن مايالار ئىسسىق بەلۋاغ يامغۇرلۇق ئورمىنىدا ياشىغان؟

ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ كۆپى دەريا بويلىرىدىن باشلانغان، چۈنكى ئۇ يەرلەردە قاتناش قۇلايلىق، تۇپراق مۇنبەت بولغاچقا كىشىلەرنىڭ ئولتۇراقلىشىشى ۋە ھايات كەچۈرۈشىگە ناھايىتى مۇۋاپىق كېلىدۇ. مايالار ئەكسىچە، بۇنداق تىنجىق، زەي، تارقىلىشچان كېسەل ئوڭاي پەيدا بولىدىغان ناچار مۇھىتتا ياشاشنى تاللىغان. ئۇلار يۈكسەك مەدەنىيەتكە ئىگە تۇرۇقلۇق بۇنى بىلمەسمۇ؟ بەزىلەر ئۇلار كىشىلىك دۇنيادىكى ئىس ـ تۈتەكتىن نېرى تۇرۇش، ئەتراپىدىكى كىشىلەر بىلەن كۆپ ئارىلىشىش ۋە باردى ـ كەلدى قىلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن شۇنداق قىلغان دەيدۇ. بىراق ئۇلار نېمە ئۈچۈن بۇنداق قىلىدۇ؟ كىشىلەر 2000 يىلغا يېقىن جاپالىق ئىزدەنگەن بولسىمۇ رازى بولارلىق جاۋاب تاپالمىدى.





## مايالار ۋېنېرانىڭ ئايلىنىش دەۋرىيلىكىنى قانداق هېسابلاپ چىققان؟



مايالارنىڭ ئۈچ خىل ۋاقىت هېسابلاش ئۇسۇلى يەنى ـ قۇياش كالېندارى، ۋېنېرا كالېندارى ۋە ژۇلكىن كالېندارى بولغان. بۇنىڭدىكى ۋېنېرا كالېندارى دېگىنىمىز، ۋېنېرانىڭ قۇياشنى بىر قېتىم ئايلىنىشىغا كەتكەن ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ. مايالار ۋېنېرانى 384 يىل كۆزىتىپ 584 كۈنلۈك ۋېنېرا كالېندارىنى هېسابلاپ چىققان. ئۇلار يەنە ۋېنېرانىڭ سەككىز يەر شارى يىلىدا دەل بەش قېتىم ئايلىنىدىغانلىقىنى، ئاندىن يەنە يېڭىۋاشتىن چۆرىدەپ ئايلىنىدىغانلىقىنى بايقىغان. ئاندىن ئۇلار سەككىز يەر شارى يىلىدىكى كۈن سانىنى بەشكە بۆلۈپ (2920/5) 584 كۈننى چىقارغان، بۇ هازىرقى هېسابلاشتىن كۈنىگە پەقەت 12 سېكۇنتلا پەرق قىلىدۇ. ئەينى چاغدىكى ئىنتايىن توغرا ۋاقىت هېسابلاش ئەسۋابى، هېچقانداق تېلېسكوپ ياكى ئوپتىك ئەسۋابلار يوق شارائىتتا، ۋېنېرا كالېندارىنى زادى قانداق قىلىپ شۇنچە توغرا هېسابلاپ چىققانلىقىغا ئادەمنىڭ زادى ئەقلى يەتمەيدۇ.



## نېمە ئۈچۈن ژولكىن كالېندارىنى ئىشلەتكەن؟

مايالارنىڭ بىرخىل يىل ھېسابى بولۇپ، ئۇ ھازىر قوللىنىلىۋاتقانلىرىمىزغا زادى ئوخشاشمايدىغان ژولكىن كالېندارىدۇر. ژولكىن كالېندارى بويىچە بىر ئەسىر 52 يىل، بىر يىل 13 ئاي، بىر ئاي 20 كۈن يەنى ئۇلارنىڭ بىر يىلى 260 كۈن بولىدۇ. يەر شارىنىڭ قۇياشنى بىر قېتىم ئايلىنىشى ئۈچۈن 365 كۈن كېتىدۇ. بۇ بىزنىڭ بىر يىلىمىزدۇر. ئۇنداقتا مايالارنىڭ بۇ بىر يىلى نەدىن كەلگەن؟ ئاسترونوملارنىڭ تەتقىقاتىغا ئاساسلانغاندا قۇياش سىستېمىسىدا بۇ كالېندارغا ئۇيغۇن كېلىدىغان سەييارە يوقكەن. شۇڭا ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر مايالارنىڭ ئەجدادلىرى قۇياش سىستېمىسىنىڭ سىرتىدىكى پلانېتادىن كەلگەن، ئۇلارنىڭ بۇ كالېندارى ئەجدادلىرىنى ياد ئېتىش ئۈچۈن ئىشلىتىلگەن دەپ ھېسابلايدۇ. مايالارنىڭ بۇ كالېندارى باشقا مەنا بېرەمدۇ ياكى ھەقىقەتەن ئۇلارنىڭ تاشقي پلانېتا ئادىمى ئىكەنلىكىنى كۆرسىتەمدۇ، بۇ ئالىملارنىڭ ئىلگىرىلىگەن ھالدا دەلىللىشىنى كۈتمەكتە.





## مايالارنىڭ ئىمارەتلىرىگە ئىشلىتىلگەن قورام تاشلار نەدىن كەلتۈرۈلگەن؟







مايالارنىڭ زور ئېھراملىرى بولغان، بۇ ئېھراملارمۇ قورام تاشلاردىن قوپۇرۇلغان، بىراق بۇ ئېھراملارنىڭ يېنىدا نە يول، نە سۇ يولى پىرىستانلىرى يوق، ئۇنداقتا بۇ قورام تاشلار نېمە بىلەن توشۇپ كېلىنگەن؟ كېيىنچە كىشىلەر ئېھرامنىڭ ئەتراپىدا تۈپتۈز، كەڭ مەيدان بارلىقىغا سەپسېلىپ، بۇ ئۇچار تەخسە توختايدىغان جاي بولۇشى، بۇ قورام تاشلار ئۇچار تەخسە ئارقىلىق يۆتكەپ كېلىنگەن بولۇشى مۇمكىن، دەپ تەخمىن قىلىشتى. يەنە بەزى كىشىلەر بۇ قورام تاشلار يەر شارىنىڭ مەھسۇلى ئەمەس، بۇنى مايالارنىڭ ئەجدادى بولغان تاشقى پلانېتا ئادەملىرى تاشقى پلانېتىدىن يۆتكەپ كەلگەن دەپ قاراشتى.

## نېمە ئۈچۈن مايالار يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشنى راۋاجلاندۇرمىغان؟

پەن ـ تەتقىقات خادىملىرى تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىش ئارقىلىق مايالار ئولتۇراقلاشقان رايونلارنىڭ يېرىنىڭ ئۈنۈمسىز، ھاۋاسى ناچار بولۇپ يېزا ئىگىلىكى ئىشلەپچىقىرىشىغا تۈپتىن ماس كەلمەيدىغانلىقىنى، پەقەت مېۋە ئۆستۈرۈشكە باب كېلىدىغانلىقىنى ئېنىقلىغان، دەرۋەقە، تۈمەن مىڭلىغان كىشىلەرنىڭ يىل بويى مېۋە ـ چېۋە يەپلا ياشىشى مەنتىقىغە ئۇيغۇن كەلمەيدۇ. مايالارنىڭ يا دېھقانچىلىق سايمانلىرى، يا قاتنايدىغان يوللىرى يوقكەن، بۇ ئۇلارنىڭ يۈكسەك مەدەنىيەتكە ھەقىقەتەن ماس كەلمەيدۇ. بەزىلەر ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى يەر شارىنىڭ مەھسۇلى بولماستىن، تاشقى دۇنيادىن كەلتۈرۈلگەن دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇلارنىڭ يېمەك ـ ئىچمىكى ئادەتتىكى يەر شارىدىكى كىشىلەرنىڭكىگە ئوخشاشماسلىقى، بەلكى ئۇلار بۇنداق يېمەكلىكنى ئۆزلىرى ياسىيالايدىغان بولۇشى مۇمكىن دېيىشتى. مايالارنىڭ يېمەكلىكى ئۈستىدىكى گەپ ـ سۆزلەر كۆپ، ھەممە ئادەم ئېتىراپ قىلىدىغان قاراش مەيدانغا كەلمىدى.





## ئونكور شەھىرىنىڭ ئاھالىسى نەگە كەتكەن؟

ھىندىچىنى يېرىم ئارىلىدىكى كخمېردا دۇنياغا مەشھۇر قەدىمىي شەھەر — ئونكور شەھىرى بار. XIII ئەسىر ئونكور شەھىرىنىڭ گۈللەنگەن دەۋرى ئىدى. ئۇ زاماندا ئۇ يەردىكى ئوردا ـ سارايلار ھەيۋەتلىك، ئىمارەتلەرگە قاپارتما نەقىشلەر ئويۇلغان، خېنىم ـ بەگزادىلىرى تاۋار ـ دۇردۇنلاردىن كىيىم كىيىپ، ئۈنچە ـ مەرۋايىتلارنى تاقىغان ھالەتتە ئىدى. مىلادىيە 1434 ـ يىلى ئونكور شەھىرى كىشىلەرنىڭ بولاڭ ـ تالىڭىغا ئۇچرىدى، ياندۇرقى يىلى قاراقچىلار يەنە كەلگىنىدە ئۇنىڭ قۇرۇق شەھەرگە ئايلىنىپ قالغانلىقىنى كۆردى. بەزىلەر بۇ يەردە يۇقۇملۇق كېسەل يامراپ ئادەملىرى ئۆلۈپ توگىدى دېسە، بەزىلەر بۇ يەردىكىلەرنى قاراقچىلار ئېلىپ كەتكەن دەيدۇ. ئونكور شەھىرى ئاھالىسىنىڭ نەگە كەتكەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. بۇمۇ ئالىملارنىڭ تېخىمۇ ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈپ دەلىللىشىنى كۈتمەكتە.





## ئىنكالار نېمە ئارقىلىق ئۇچۇر يەتكۈزگەن؟



جەنۇبىي ئامېرىكا قۇرۇقلۇقىدا مايالار، ئازتېكلار سەلتەنەت سۈرگەندىن كېيىن XIII ئەسىردە يەنە بىر يېڭى مەدەنىي دۆلەت ـ ئىنكارىيە ئىمپېرىيىسى باش كۆتۈردى. ئىنكارىيە ئىمپېرىيىسى ئىنتايىن قۇدرەتلىك ئىدى، ئۇنىڭ مېتالچىلىق تېخنىكىسى دۇنيادا مەشھۇر بولۇپ كىشىلەر ئۇنى «زەر ئىمپېرىيىسى» دەيتتى. ئىنكارىيە ئىمپېرىيىسى شۇنچە روناق تاپقان بولسىمۇ، ئۆزلىرىنىڭ تەپسىلىي ۋەسىقىلىرىنى قالدۇرمىغان، چۈنكى ئىنكالارنىڭ يېزىقى بولمىغان. ئۇلار يېزىقى بولمىسا ئۇچۇرلارنى قانداق يەتكۈزگەن؟ بەزىلەر ئۇلار يىراق قەدىمكى زامان كىشىلىرىدەك تانا تۈگۈنچەكلەش ئارقىلىق پۇتۇكلەپ كەلگەن بولسا كېرەك دەيدۇ، يەنە بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئۆزگىچە بىر يۈرۈش سىمالىق ئۇچۇر يەتكۈزۈش ئۇسۇلى بولۇشى مۇمكىن دەيدۇ.



## قەدىمىي مەدەنىي شەھەرنى نېمە ۋەيران قىلغان؟







ئارخېئولوگلار فرات دەرياسى ۋادىسىدىن بۇنىڭدىن تەخمىنەن سەككىز مىڭ يىل ئىلگىرىكى مەدەنىيەتنى قېزىۋالغان. ئالىملار بۇ تاشلاندۇق خارابىلىقتىن ئۇيۇما (ئېرىپ بىرلىشىشتىن ھاسىل بولغان، ئەينەككە ئوخشىشىپ كېتىدىغان نەرسە) نى تاپقان، تەبىئەت دۇنياسىدا ئۇنى ئېرىتەلەيدىغان شۇنچە يۇقىرى تېمپېراتۇرىلىق ئوت يوق ئىكەن. بۇنداق تېمپېراتۇرا پەقەت ئاتوم بومبىسى پارتلىغاندىلا پەيدا بولىدىكەن. شۇڭا بەزى ئالىملار بۇ يەر يادرو بومبىسىنىڭ زەربىسىگە ئۇچرىغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدىكەن، بىراق تارىختىن بۇرۇنقى ئىنسانلاردا قانداقسىگە بۇنداق يۇقىرى تېخنىكا بولار؟ يەنە بەزىلەر بۇنى ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلىشى كەلتۈرۈپ چىقارمىغان، شارسىمان چاقماق پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەۋاتىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن ھىندى دەرياسى ۋادىسىدا بۇنداق زور مەدەنىيەت يادىكارلىقلىرى بار؟

XVIII ئەسىردە كىشىلەر خاراپپادا ھىندى دەرياسى مەدەنىيەت خارابىلىكىنى بايقىدى. بۇ يەردە چوڭ شەھەرلەرنىڭ ئىزنالىرى ساقلانغانىكەن. XIX ئەسىرنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ھىندىستان ئارخېئولوگىيە ئىدارىسىنىڭ باشلىقى كوننوخان ئىككىنچى قېتىم خاراپپاغا بارغاندا غەلىتە بىر تامغىنى تاپقان. لېكىن ئۇنىڭدىن كېيىنكى 50 يىل مابەينىدە بۇ خارابىگە ھېچكىمنىڭ نەزەرى چۈشمىگەن. شۇنداقتىمۇ خاراپپانى ئۆز ئىچىگە ئالغان پەنجاپ ئەتراپىنى مەركەز قىلغان شەرقتىن غەربكە 1600 كىلومېتىر، جەنۇبتىن شىمالغا 1400 كىلومېتىرلىق دائىرىدە شۇ دەۋر مەدەنىيىتىگە ئائىت زور كۆلەمدىكى خارابىلار بايقالغان. بۇ بايقاش ئارخېئولوگىيە ساھەسىنى زىلزىلىگە سالغان، چۈنكى بۇنداق چوڭ دائىرىگە يېيىلغان قەدىمي مەدەنىيەت دۇنيادا بىردىنبىر دېيىشكە بولاتتى. نۆۋەتتە كىشىلەر بۇ يادىكارلىقلارنىڭ مەنبەسى ئۈستىدە كۆپ غۇلغۇلا قىلماقتا، بۇ توغرىسىدا بىرلىككە كەلگەن جاۋاب يوق.



## ھېكىلانوم ئاھالىسى پۈتۈنلەي ئاپەتتە ئۆلۈپ كەتكەنمۇ؟

مىلادىيە 709 - يىلى كىشىلەر ئىتالىيىدە مىڭ يىل ئىز - دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن رىمنىڭ قەدىمكى شەھىرى ھېكىلانومنى بايقىدى. 250 يىللىق قېزىش جەريانىدا پەقەت توققۇز جەسەت تېپىلدى. شۇڭا ئارخېئولوگلار بۇ يەردىكى ئاھالىلەرنىڭ كۆپى ئاپەت يۈز بەرگەندە بۇ شەھەردىن يۆتكىلىپ كەتكەن، دەپ ھۆكۈم قىلىشتى. بىراق 1982 - يىلىدىن باشلاپ ھازىرغىچە 200 گە يېقىن جەسەت تېپىلدى. قارىغاندا ئۇلار ئۆلەر ۋاقتىدا ئىنتايىن ۋەھىمىدە قالغاندەك قىلىدۇ، ئۇنى كۆرگەنلىكى كىشى قورقۇپ تېنى شۈركۈنۈپ كېتىدىكەن. بۇ ئادەمنى ئۇ يەردىكى كىشىلەر نېمە ئۈچۈن دېڭىز ئارقىلىق قېچىپ جېنىنى ساقلاپ قالمىغاندۇ؟ ئۇ يەردىكى ئاھالىلەر بۇ ئاپەتتە پۈتۈنلەي ئۆلۈپ كەتكەنمىدۇ؟ دېگەن ئويغا سالىدۇ. بۇلار ئۈستىدە ئالىملار ئۈزلۈكسىز ئىزدەنمەكتە.





# تارىختا سابا ناملىق ئايال پادىشاھ بولغانمۇ؟

«ئىنجىل» دا خاتىرىلىنىشىچە، ھازىرقى ئەرەب يەمەن جۇمھۇرىيىتى تېررىتورىيىسى ئىچىدە بىر مەدەنىيەتلىك قەدىمىي دۆلەت — سابا قەدىمىي دۆلىتى بولغانىكەن. بۇ دۆلەت مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى X ئەسىردە بىر مەھەل گۈللىنىپ تاشقى سودىسى





راۋاجلىنىپ ئىسرائىلىيە، مىسىر، ئېفىئوپىيە، سۇدان قاتارلىق ئەللەر بىلەن قويۇق سودا باردى - كەلدى قىلغانىكەن. سابا ئېلىنىڭ يۇكسەك مەدەنىيىتى بولغانىكەن. ئۇلار قىزىل دېڭىزنىڭ پەسىللىك شاماللىرىدىن پايدىلىنىپ ئوكيان ئارا يۈرەلەيدىكەن. رىۋايەت قىلىنىشىچە، ئايال پادىشاھ سابا سولومۇننىڭ ئەقىل - پاراسىتى ۋە سۆز - ھەرىكەتلىرىگە قايىل بولۇپ ياقۇت ۋە ئالتۇن قاتارلىق نەرسىلىرىنى ئېلىپ، سالامغا بارغانىكەن. ئەدەبىيات - سەنئەتنى قايتا گۈللەندۈرۈش دەۋرىدە ئايال پادىشاھ سابا بەزىدە ساھىبجامال پادىشاھ ئوبرازى بىلەن، بەزىدە بەتبەشىرە ئايال باخشى سۈپىتىدە تەسۋىرلەنگەن. ھازىر سابا قەدىمىي خارابىسى قېزىپ چىقىلدى، لېكىن سابا ئىسىملىك ئايال پادىشاھنىڭ ھەقىقەتەن ئۆتكەن - ئۆتمىگەنلىكى يەنىلا بىر سىر.

# قەدىمكى باغداتتا قانداقسىگە باتارىيە بولغان؟





1936 ـ يىلى ئارخېئولوگلار ئىراقنىڭ پايتەختى باغداتتا بىر قەدىمىي تاش ساندۇقنى بايقىدى. تاش ساندۇقتىن مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 200 نەچچە يىلدىن بۇرۇنقى دەۋرگە ئائىت قىممەتلىك بۇيۇملار ۋە قارىماققا ئىنتايىن ئاددىي ساپال لوڭقا چىقتى. بۇ ساپال لوڭقىغا لىق قاراماي قاچىلانغان، قارامايغا بىر مىس تۇرۇبا پاتۇرۇلغان، يەنە بىر تۆمۈر تاياقچە مىس تۇرۇبىنىڭ ئىچىگە سانجىلغان بولۇپ، تۆمۈر تاياقچىنىڭ ئىككى ئۇچى مىس تۇرۇبىدىن چىقىپراق تۇرغان، ئۈستىدە يەنە كىسلاتالىق سۇيۇقلۇقتا چىرىگەن ئىزلار بار ئىدى. ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى ھازىرقى زاماندىكى باتارىيە بىلەن ئوخشاش دېگۈدەكلا ئىكەن. بىراق باتارىيە XVIII ئەسىردە ئىختىرا قىلىنغان تۇرسا، 200 يىلدىن ئىلگىرىكى باغداتلىقلار باتارىيە ئىشلىتەلىگەنمىدۇ؟ ھەقىقەتەن ئادەمنىڭ ئىشەنگۈسى كەلمەيدۇ.

## تايلاندتىكى بانچىڭ قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكىمۇ؟

1966 ـ يىلى ئامېرىكىلىق ستېفان. يان تايلاندنىڭ بانچىڭ با-
زىرىدىن بەزى چىرايلىق ساپال بويۇملارنى تېپىپ، ئۇنىڭ بەزىلىرى-
نى تاللاپ تايلاندنىڭ چەنخې مەلىكىسىگە ھەدىيە قىلغان. بۇ ساپال
بويۇملارنىڭ بەزىلىرى بۇزۇلۇپ كەتكەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇستىدى-
كى نەقىشلىرى ئىنتايىن سىپتا، ئۆزگىچە، بەزىلىرىنىڭ گېئومېتى-
رىيىلىك شەكىللىرى خېلىلا مۇكەممەل ئىكەن، چەنخې مەلىكە بۇ
ساپال بويۇملاردىكى نەقىشلەرنىڭ تايلاندنىڭ ئىلگىرىكى نەقىشلىرى-
گە ئوخشاشماستىن، ئەكسىچە، قەدىمكى يۇناننىڭ ساپال بويۇملىرىغا
ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىغا دىققەت قىلغان. ئارخېئولوگلارنىڭ بې-
كىتىشىچە، بۇ ساپال بويۇملار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 4000 يىللار
ئەتراپىدا ياسالغانىكەن، ئەسلىدە كىشىلەر تايلاندنىڭ ئارخېئولوگىيى-
لىك تارىخىنى كۆپ بولغاندا 1500 يىل دەپ قارايتتى، ئەمدىلىكتە
ئۇنى 4000 يىلغا سۇرسەك، ئۇ ھالدا تايلاندتىكى بانچىڭ قەدىمكى مە-
دەنىيەت بۆشۈكى بولۇپ قالامدۇ؟ ھازىر بەزى تارىخشۇناسلار ۋە ئار-
خېئولوگلار بانچىڭنىڭ مەدەنىيىتى ئۇستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋا-
تىدۇ. ئۇلارنىڭ تېزرەك جاۋاب تېپىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.



## سەھرايى كەبىردىكى تام سىزمىلىرى كىمنىڭ ئەسىرى؟



ئېكسپېدىتسىيە ئەترىتىنىڭ ئەزالىرى سەھرايى كەبىردىن 10 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تام سىزما ئەسەرلىرىنى تاپقان. بۇ تام سىزمىلارنىڭ رەڭگى يارقىن، مەزمۇنى مول بولۇپ كىشىلەرگە قەدىمكى زامان كىشىلىرىنىڭ تۇرمۇش كارتىنىسىنى نامايان قىلىپ بېرىدۇ، بۇ سىزمىلارنىڭ رەڭگىنىڭ يارقىن بولۇشىدىكى سەۋەب، ئۇنىڭدا بوياق بىلەن سۇ تەركىبلىرى قىيا تاشنىڭ ئىچكى قىسمىغا سىڭدۇرۇۋېتىلىپ قىيا تاش بىلەن بىر گەۋدە قىلىۋېتىلگەنلىكىدە ئىكەن. ئالىملارنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، سەھرايى كەبىر 3000 ~ 4000 يىل ئىلگىرى يايلاق ئىكەن. بۇ ھەيۋەتلىك تام سىزمىلار ئوتلاق دەۋرىدە بەرپا قىلىنغانمۇ ياكى قۇم دەۋرىدىمۇ؟ ھازىرغىچە ھېچكىم بۇ سىرنى يېشەلمىدى.



## قەدىمكى خەرىتىنى كىم سىزغان؟

كىشىلەر XVIII ئەسىردە تۈركىيىنىڭ ئىستانبول شەھىرىدىن مۇكەممەل سىزىلغان بىر خەرىتىنى تاپتى، بىراق خەرىتىدىكى بارلىق جايلارنىڭ ئورنىدا ئۆزگىرىش بار ئىكەن، كېيىن كىشىلەر خەرىتىنىڭ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا تارتىلغاندەك تۇرغانلىقىنى بايقىدى. ئۇنىڭدا تاغ ـ داۋانلار، ئېقىن ـ ئارالللار ۋە ئېگىزلىكلەر توغرا كۆرسىتىپ بېرىلگەن، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىرقى كىشىلەر ئانچە تەكشۈرۈپ كەتمىگەن يەرلەرمۇ بۇ خەرىتىدە ناھايىتى تەپسىلىي سىزىلغانىكەن. بىراق قەدىمكىلەر قانداق قىلىپ يۇقىرى ھاۋا بوشلۇقىدا تۇرۇپ يەر شارىنى كۆرەلىگەن؟ ئۇنى يەر شارىدىكىلەر سىزمىغانمىدۇ ـ يا؟ بۇنىڭغا بىر نىمە دېمەك ھەقىقەتەن تەس.







# تارىختىن بۇرۇنمۇ ئىنسانلار بولغانمۇ؟



بەزىلەر 500 مىليون يىل بۇرۇن ھاسىل بولغان قىيا تاشتىكى ئاياغ ئىزىنى بايقىغان. يەنە بەزىلەر 70 مىليون يىل بۇرۇن ھاسىل بولغان تۆمۈر كاندىن تۆمۈر ھالقا (تۆڭگە) نى بايقىغان. بۇ نىمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟ شۇ كەملەردە «ئىنسانلار» مەۋجۇت بولغانمىدۇ؟ بىراق تەدرىجي تەرەققىيات نەزەرىيىسىگە ئاساسلانغاندا، ئىنسانلار 3 ~ 4 مىليون يىل بۇرۇن ئاپىرىدە بولغان، ۋەھالەنكى ئۆرە تۇرۇپ ماڭغىنىغا 1 مىليونچە يىل بولغان.



## كەڭ ئەنلىك رەسىم نېمىنىڭ سىمۋولى؟



ئامېرىكىدىكى لوس - ئانژېلىسنىڭ شەرقىي جەنۇبىدىكى يەر يۈزىدە كىشىلەر ئادەم ۋە ھايۋانلارنىڭ چوڭ تىپتىكى كەڭ ئەنلىك ئويما رەسىمىنى بايقىدى. بۇ رەسىمنى قۇرۇقلۇقتا تۇرغاندا ئېنىق كۆرگىلى بولمايدىكەن، ھاۋا بوشلۇقىغا چىققاندىلا پەرقلەندۈرگىلى بولىدىكەن. بۇ رەسىمنى كىم پەيدا قىلغان، نېمىگە سىمۋول قىلىنغان؟ كىشىلەر تا ھازىرغىچە بۇ سىرنى يېشەلمىدى.



## ۋېناسنىڭ ھەيكىلى بىلىكى ئۈزۈۋېتىلمەستە قانداق ئىدى؟



بىلىكى ئۈزۈۋېتىلگەن ۋېناس ھەيكىلى 1820 ـ يىلى ئېگېي دېڭىزىدىكى مىرو ئارىلىدا بايقالغان، ئەمما كىشىلەر ئۇنىڭ بىلىكىنىڭ قانداق ھالەتتە ئىكەنلىكىنى بىلمەيدۇ. نۇرغۇن سەنئەتكارلار ئۇنىڭ بىلىكىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئويىدا بولۇپ باقتى. بەزىلەر ئۇ سول قولىدا قالقان تۇتقان، ئوڭ قولى پەسكە ساڭگىلىغان ھالەتتە دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئۇ سول قولىدا ئالما تۇتۇپ بىلىكىنى تۇۋرۈككە قويۇۋالغان، ئوڭ قولىدا كۆينىكىنى تۇتۇۋالغان دەيدۇ. ۋېناس ھەيكىلىنىڭ بىلىكى مۈرىسىدىن ئۈزۈۋېتىلگەن بولغاچقا، ھېچكىم ئۇنىڭ بىلىكىنىڭ ئەسلى قانداقلىقىنى پەرەز قىلالمىسا كېرەك.



## ۋېناسنىڭ ئۈزۈۋېتىلگەن بىلىكى نەگە كەتكەن؟



ۋېنانىڭ هەيكىلى بايقالغاندىن كېيىن ئۇ نۇرغۇن ئارخېئولوگلار ۋە سەنئەتكارلارنىڭ دىققىتىنى تارتتى. كىشىلەر مۇكەممەل ۋېناس هەيكىلىگە ئېرىشىش ئۈچۈن يوقاپ كەتكەن بىلەكنى تېپىشقا تىرىشتى. بەزىلەر ئۇنى تاپقان جايدىن بىلەكنىڭ ئىز - دېرىكىنى قىلىپ قول ۋە بىلەكنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەن پارچىلىرىغا ئېرىشتى. بەزىلەر بۇ پارچىلارنى ۋېناسنىڭ دېسە، بەزىلەر ئەمەس دېدى. ۋېناسنىڭ بىلىكى زادى نەدە؟ ئارخېئولوگلارنىڭ بۇ مەسىلىلەر ئۈستىدە يەنىمۇ ئىزدىنىشىگە توغرا كېلىدۇ.



## نېمە ئۈچۈن مىسىردىكى موميا شۇنچە مۇكەممەل ساقلانغان؟

نۇرغۇن دۆلەتلەردە موميا بار. لېكىن مىسىردىكى موميا ئەڭ مەشھۇر. مىسىردىكى موميالار سان جەھەتتە دۇنيادا بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ، قانچىلىك موميا تېپىلغانلىقىنى، يەنە قانچىلىك موميا بارلىقىنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. مىسىردىكى موميالار بۇزۇلماي ناھايىتى ياخشى ساقلانغان، ھازىرقى ئەڭ ياخشى تېخنىكىمۇ ئۇ سەۋىيىگە يېتەلمەيدۇ، نەچچە مىڭ يىل بۇرۇنقى كىشىلەرنىڭ بۇنداق يۈكسەك تېخنىكىنى قانداق بىلىپ موميانى شۇنچە ياخشى ساقلىغانلىقىغا ئادەمنىڭ ئەقلى يەتمەيدۇ.



## نېمە ئۈچۈن مومىيانىڭ يۈرىكى سوقۇپ تۇرىدۇ؟





كىشىلەر مىسىردىكى رۇسىي شەھىرى سىرتىدىن يۈرىكى سوقۇپ تۇرىدىغان بىر مومىيانى تاپتى. دوختۇرلار بۇ سىرنى بىلىش ئۈچۈن ئۇنى ئوپېراتسىيە قىلدى، ئەسلىدە بۇ مومىيانىڭ يۈرىكىدە رادىئوئاكتىپلىق ماددىسى بار قارا خرۇستال بولۇپ، ئۇ مومىيانىڭ يۈرىكىنى ھەرىكەتلەندۈرۈپ تۇرىدىكەن. بەزىلەر قەدىمكىلەرنىڭ قارا خرۇستالنىڭ رادىئوئاكتىپلىقىدىن پايدىلىنىش ئىقتىدارى يوق، بۇ تاشقى پىلانىتا ئادەملىرىنىڭ قىلغان ئىشى بولۇشى مۇمكىن دەپ قاراشتى؛ يەنە بەزىلەر قەدىمكى مىسىرلىقلاردا مۇشۇنداق مۆجىزە يارىتىدىغان ئالاھىدە ئىقتىدارلىق دىنىي مۇخلىسلار بار بولۇشى مۇمكىن دېيىشتى. بۇ قۇرۇلمىنى زادى كىم ئىخترا قىلغان؟ بۇنىڭغا ھازىرغىچە ئېنىق جاۋاب يوق.

## خرۇستال ئادەم بېشى قايسى دەۋرگە مەنسۇپ؟





ھازىر دۇنيادا خرۇستالدا ياسالغان ئۈچ دانە ئادەم بېشى بايقالدى. بۇ ئۈچ خرۇستال ئادەم بېشىنىڭ ياسىلىشى سىپتا، تېخنىكىسى مۇكەممەل بولۇپ، بۇنىڭ ئىچىدىكى بىر خرۇستال ئادەم بېشى 1927 ـ يىلى بايقالغان، ئۇ تەخمىنەن بەش كىلوگرام كېلىدىغان چوڭ بىر پارچە خرۇستالدىن ئادەم بېشى سۆڭىكىگە تەقلىد قىلىپ ياسالغان. بەزىلەر ئۇنى ياساشقا ئاز دېگەندە 150 يىل كەتكەن، ياسىغاندىن تارتىپ ھازىرغىچە 3600 يىلدىن ئارتۇق بولغاندۇ دەيدۇ؛ بەزىلەر ئىپتىدائىي ئىنسانلارنىڭ بۇنداق يۇقىرى ئويمىچىلىق ھۈنىرى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس، ئۇ مىلادىيە XIV ـ XV ئەسىرلەردە ياسالغان بولۇشى مۇمكىن دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر بۇ ئىككى خىل قاراشقا قوشۇلماي يېڭى جاۋاب تېپىش ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە.

## تاش لەھەتتىكى سۇ نەدىن كەلگەن؟

فرانسىيىنىڭ پېرىنېي تاغلىق رايونىدا ئارىل دەيدىغان بىر
بازار بار. بۇ بازاردىكى چېركاۋدا بىر سىرلىق تاش لەھەت بار. بۇنىڭـ
ـدىن تەخمىنەن 1500 يىل بۇرۇن ئاق مەرمەر تاشتىن ياسالغان بۇ
تاش لەھەتتىن يىلبويى «مۇقەددەس سۇ» ئېقىپ تۇرىدىكەن. لەھەتتىـ
ـكى سۇ خۇددى ئاپتوماتىك ھالدا ئالماشتۇرۇلۇپ تازىلىنىپ تۇرغانـ
ـدەك سۈپسۈزۈك، پاكىز بولۇپ، قۇرغاقچىلىق مەزگىلىدىمۇ قۇرۇپ
كەتمەيدىكەن، نۇرغۇن ئالىملار داڭقىنى ئاڭلاپ لەھەتنىڭ سىرىنى
تەكشۈرۈپ تاپماقچى بولدى، لېكىن لەھەتتىكى سۇنىڭ كېلىش مەنـ
ـبەسىنى ئېيتىپ بېرەلمىدى.



## مونالىزا زادى كىم؟



داۋىنچىنىڭ «مونالىزا» دېگەن ئەسىرى تەڭداشسىز ئەسەر. بۇ رەسىمگە قايسىلا تەرەپتىن قارىماڭ رەسىمدىكى مونالىزا سىزگە شۇ تەرەپتىن تەبەسسۇم قىلىپ تۇرىدۇ. شۇڭا بۇ رەسىم كۆپچىلىكنىڭ ئىنتايىن ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشكەن. لېكىن بۇ رەسىمدىكى مونا-لىزا ھەققىدە كىشىلەر نۇرغۇن تالاش ـ تارتىشلارنى قىلدى: بەزىلەر مونالىزا ئىتالىيىدىكى بىر بانكىرنىڭ ئايالى دېسە، بەزىلەر فلورېن-سىيىدىكى بىر سودىگەرنىڭ ئايالى دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئۇ داۋىنچىنىڭ ئۆزىنىڭ رەسىمى دەيدۇ. مونالىزانىڭ كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر ئۇنىڭ تەبەسسۇملۇق چىرايى مەڭگۈ جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ.

## «روژدېستۋو بوۋاي» كىم؟

غەرب ئەللىرىدىكى نۇرغۇن دۆلەتلەردە مىلاد بايرىمىدا روژدېستۋو بوۋاي پەيدا بولىدۇ، ئۇ باللارغا خىلمۇ خىل سوۋغاتلارنى ئېلىپ كېلىدۇ. روژدېستۋو بوۋاي ھەققىدىكى رىۋايەتلەردە بىرنەچچە خىل گەپ-سۆزلەر بار: گوللاندىيىلىكلەر روژدېستۋو بوۋاينى سىنت نىكولا دەيدۇ، رىۋايەتتە بۇ بوۋاي دائىم باللارغا سوۋغات ئېلىپ كېلىدىغانلىقى سۆزلەنگەن، شۇڭا گوللاندىيىلىكلەر 6-دېكابىرنى بۇ بوۋايغا تەقلىد قىلىش كۈنى قىلىپ بېكىتكەن؛ ئامېرىكىلىقلار سانتا كراۋوسنى روژدستۋو بوۋاي دەيدۇ ھەممىدە ئۇنىڭ رەسىمىنى سىزىشىدۇ، بۇ ھازىرغىچە داۋاملىشىپ كەلمەكتە؛ ئەنگلىيىلىكلەر ئۇنى كرىس كلىنگېر دەيدۇ ھەمدە روژدېستۋو بوۋاي ئەسلىدە گېرمانىيىلىك دەپ ھېسابلايدۇ.





## نېمە ئۈچۈن پۇنىكلار پەرزەنتلىرىنى قۇربانلىق قىلغان؟

پۇنىكلارنىڭ نەزىرى ـ چىراغ مۇراسىملىرىنىڭ كۆپچىلىكى مۇ-
قەددەس سانالغان مەھەللىلەردە ئۆتكۈزۈلىدۇ، ئۇ «توفېت» دېيىلىدۇ.
كىشىلەر بۇ خارابىلىكنى قازغاندا جەسەت كۆلى قاچىلانغان نەچچە
مىڭ كۇپنى بايقىغان. مىلادىيەدىن بۇرۇنقى 146 ـ يىلىدىن باشلى-
نىپ تاكى پۇنىكلار گۇمران بولغانغا قەدەر بۇنداق قۇربانلىق ئىشلى-
رى توختاپ قالمىغان. تەكشۈرۈشلەرگە قارىغاندا، ھەر يىلى تەخمى-
نەن 100 كۈپ كۆپىيىپ بارغان. قۇربانلىق قىلىنغان بالا 60
مىڭدىن ئېشىپ كەتكەن. ئۇلار نېمە ئۈچۈن بالىلارنى قۇربانلىق قى-
لىدۇ؟ بەزىلەر بوۋاقلارنى قۇربانلىق قىلىش بىر خىل تۇغۇت
چەكلەش ئۇسۇلى دەپ ھېسابلايدۇ؛ بەزىلەر بۇ بوۋاقلار قۇربانلىق قىلى-
نىشتىن بۇرۇن تەبىئىي ئۆلۈپ بولغان دەپ قارايدۇ؛ يەنە بەزىلەر بوۋاق-
لارنى قۇربانلىق قىلىشنى دىنىي ئېتىقاد كەلتۈرۈپ چىقارغان دەيدۇ.





# تارىخىي قۇرۇلۇشلاردىكى يېشىلمىگەن سىرلار

## كرورەن دۆلىتى نېمە ئۈچۈن يوقاپ كەتكەن؟

كرورەن ئەسلىدە ئىلىمىزنىڭ تەكلىماكان قۇملۇقىنىڭ شەرقىگە جايلاشقان يىپەك يولىدىكى گۈللەنگەن جاي ئىكەن. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى I ئەسىردىن مىلادىيە III ئەسىرگىچە كرورەن ناھايىتى گۈللەنگەنىكەن. لېكىن كېيىن ئۇ خەرىتىدىن غايىپ بولغان. ھازىر كرورەننىڭ يوقاپ كېتىشى ئۈستىدە ئارخېئولوگلارنىڭ غۇلغۇلىسى كۆپ، ئۇلارنىڭ كۆپىنچىسى بەزى قەدىمىي ماتېرىياللارغا ئاساسەن غەيرىي كىلىمات ۋە كىشىلەرنىڭ كەڭ كۆلەمدە كۆچۈشى بۇنداق ئەھۋالنى كەلتۈرۈپ







چىقارغان دەپ تەھلىل قىلماقتا، لېكىن بۇ قاراش ھەممە كىشىلەرنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ كەتمىدى.

## نېمە ئۈچۈن ئېبرا شەھىرىدە شۇنچە كۆپ قەدىمىي لاي پوتۈكلەر بار؟



ئارخېئولوگلار سۈرىيىدە قۇمغا كۆمۈلۈپ قالغان بىر شەھەرنى تاپتى. نەچچە يىللىق قېزىش ئارقىلىق بىر خان سارىيى خارابىسى كىشىلەرنىڭ كۆز ئالدىدا نامايان بولدى، مانا بۇ ئېبرا شەھىرىدۇر. ئېبرا شەھىرىدىن تەخمىنەن 31 مىڭ پارچە قەدىمىي لاي پوتۈك قېزىۋېلىندى، ئارخېئولوگلار ئوقۇيالىغان پوتۈكلەرنىڭ بەزىلىرىگە ئادەم ۋە يەر ـ جاي ناملىرى، بەزىلىرىگە هايۋانلارنىڭ ناملىرى ۋە بەزىلىرىگە نۇرغۇن پەرمانلار، باج پۇلى، توقۇلما بۇيۇملار ئالدى ـ ساتتىسىدىكى هېساباتلار شۇنىڭدەك سودا توختاملىرى يېزىلغانىكەن. كىشىلەر بۇ لاي پوتۈكلەردىكى ناهايىتى كۆپ يازمىلارنى هېلىهەم ئوقۇيالمىغاچقا بۇ شەھەرنىڭ قانداق راۋاج تېپىپ، قانداق هالاك بولغانلىقىنى بىلەلمەيۋاتىدۇ.

# سۇداننىڭ ئېھراملىرى نېمىگە ئىشلىتىلگەن؟



ئافرىقىدىكى سۇداندىمۇ ناھايىتى كۆپ ئېھرام بار، ئۇلارمۇ مىسىردىكى ئېھرامغا ئوخشاش ئىنتايىن سىرلىق. سۇداندىكى ئېھرامنىڭ سىرتقى كۆرۈنۈشى مىسىردىكى ئېھراملارغا ئوخشاشمايدۇ، ئۇنىڭ ئۇلى كىچىكرەك، تاملىرى قىيا ۋە تىكرەك بولۇپ، ئېھرام ئۇلىدىكى ئالدىغا پۇلتۇيۇپ چىققان جايدا بىر ئەگمە ئىشىك بار. ئىشىكتىن ئېھرامغا ئىچكىرىلەپ كىرگىلى بولىدۇ، بەزىلەر سۇداندىكى ئېھراملار بىلەن مىسىردىكى ئېھراملارنىڭ رولى ئوخشاش، ئۇمۇ خان ـ پادىشاھلارنىڭ قەبرىسى دەيدۇ، بەزىلەر بۇ ئېھراملار ھەمدۇسانا ۋە ئىبادەتكە ئىشلىتىلگەن، شۇڭا دىنىي ئىمارەت بولۇشى مۇمكىن دەپ قارايدۇ. بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ ھەرقايسىسىنىڭ ئۆز ئالدىغا چۈشەنچىلىرى بار، قايسىسىنىڭ توغرىلىقىغا بىر نېمە دېمەك تەس.



## ئېفىئوپىيىدىكى تۈۋرۈكسىمان تاشلار نېمىگە ئىشلىتىلگەن؟

ئافرىقىدىكى ئېفىئوپىيىنىڭ قەدىمكى پايتەختى ئاقسۇم شەھىرى خارابىلىقىدا ئون نەچچە تۆت قىرلىق غايەت زور تۈۋرۈكسىمان تاش قەد كۆتۈرۈپ تۇرىدۇ. ھەربىر تۈۋرۈكسىمان تاشنىڭ ئېگىزلىكى 35 مېتىر، ئېغىرلىقى 200 ~ 300 توننا بولۇپ، ئۇلار بىر پۈتۈن گرانىت تاشتىن نەقىشلەپ ياسالغان. بەزى تارىخشۇناسلارنىڭ تەكشۈرۈشىگە قارىغاندا، تۈۋرۈكسىمان تاشلار مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى VIII ئەسىردىن مىلادىيە I ئەسىرگىچە بولغان ئارىلىقتا ھامىدلار تەرىپىدىن ياسالغانىكەن. شۇ كەملەردە كىشىلەر بۇ غايەت زور تاش تۈۋرۈكلەرنى قانداق تىكلىگەن؟ ئۇلار نېمىگە ئىشلىتىلگەن؟ بەزىلەر ھامىدلار بۇ ئارقىلىق باشقىلارغا ئۆز دۆلىتىنىڭ گۈللەنگەن، قۇدرەت تاپقانلىقىنى نامايان قىلغان دېسە، يەنە بەزىلەر بۇ تۈۋرۈكسىمان تاشلارغا ھىندىستان، گرېتسىيە، رىم قاتارلىق ئەللەرنىڭ ھۈنەر - سەنئەت ئۇسلۇبى مۇجەسسەملەنگەن، ئۇ شەرق ۋە غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مەھسۇلى دەيدۇ.



## ترويا قەدىمىي شەھىرى زادى قانداق؟

 

«ھومېر داستانلىرى» دا قەيت قىلىنىشىچە، تۈركىيىنىڭ غەربىي قىسمىدا بىر سىرلىق قەدىمىي شەھەر — ترويا بولغانىكەن. نۇرغۇن كىشىلەر ترويا قەدىمىي شەھىرى بىر ئەپسانىۋىي رىۋايەت، ئۇ ئەزەلدىن بولۇپ باقمىغان دەپ قارايدۇ. شىېرمان گېرمانىيىدىكى بىر نامرات پوپ ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. ئۇ كىچىكىدىنلا ترويا شەھە-رى چوقۇم مەۋجۇت دەپ قارىغان. شۇڭا چوڭ بولۇپلا تۈركىيىنىڭ غەربىگە بېرىپ قەدىمىي شەھەرگە دائىر قېدىرىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان. 1873 - يىلى ئۇ بۇ يەردىن نۇرغۇن ئالتۇن - كۈمۈش قاچا - قۇچا ۋە سانسىزلىغان بېزەكلەرنى، يەنە ئىنتايىن نەپىس ئىككى ئالتۇن تاجنىمۇ قېزىۋالغان. شىېرمان ترويا قەدىمكى شەھىرىنى ئاقى-ۋەت تېپىپ چىقتىم دەپ ئىنتايىن خوشال بولغان، كېيىن ھازىرقى زامان ئارخېئولوگلىرى باھالاش ئارقىلىق شىېرماننىڭ تاپقانلىرىنىڭ ترويا قەدىمكى شەھىرىدىنمۇ بۇرۇنقى خارابە ئىكەنلىكىنى بايقىغان، ھالبۇكى، ترويا قەدىمكى شەھىرى خارابىسىنىڭ زادى قانداقلىقىنى بى-لىدىغان ئادەم يوق.

## گىگانت تاشلارغا ئويۇلغان ئادەملەر زادى كىم؟



ئەنگلىيە ئارخېئولوگى تايلوس ئەنگلىيىدىكى گىگانت تاش تۈۋرۈكلەرگە ئادەم يۈزىنىڭ شەكلى ئويۇلغانلىقىنى بايقىدى. ئالىملار بۇ گىگانت تاشلار ئۈستىدە ئىلگىرى تەتقىقات ئېلىپ بارغان بولسىمۇ بۇلارنى بايقىيالمىغانىكەن. ئۇ يېڭى تاش قوراللار دەۋرىدىكى قۇرۇلۇشلاردا بايقالغان تۇنجى ئادەم يۈزى ئىكەن، بۇلار تولىمۇ غەلىتە بولۇپ، ئۇنى بىر كۈننىڭ مۇئەييەن بىر ۋاقتىدىلا ئېنىق كۆرگىلى بولىدىكەن. يازدا بۇ ۋاقىت سائەت 14 نىڭ ئالدى ـ كەينىدىكى بىر سائەت ئىكەن. ۋەھالەنكى، بۇ ئويمىلار تاشنىڭ ئالدى يۈزىدە بولماستىن يان تەرىپىدە ئىكەن. بەزىلەر بۇ ئويمىلاردىكىلەر گىگانت تاش تۈۋرۈكلەرنى لايىھىلىگۈچىلەرمىكىن دېسە، بەزىلەر تاش تۈۋرۈكلەرنى ياساشقا مەبلەغ سالغۇچىلارمىكىن دېيىشىدۇ، يەنە باشقىلار بولسا ئوخشاشمىغان قاراشلارنى ئوتتۇرىغا قويۇشىدۇ.



## سار تۈزلەڭلىكىدىكى تاش ئىدىشلار نېمىگە ئىشلىتىلگەن؟

لائوسنىڭ شىمالىدىكى سار تۈزلەڭلىكىدە 10 مىڭدىن ئارتۇق تاش ئىدىش چېچىلىپ ياتىدۇ. بۇ ئىدىشلارنىڭ ھەممىسى پۈتۈن تاشتىن ئويۇپ ياسالغان، ئادەتتىكىلىرىنىڭ ئېگىزلىكى بىر توننىدىن ئارتۇق بولۇپ، بىر ئادەم سىغىدۇ، ئەڭ چوڭىنىڭ ئېگىزلىكى يەتتە توننا ئۆپچۆرىسىدە بولۇپ ئالتە، يەتتە ئادەم سىغىپ كېتىدۇ. بۇ ئىدىشلارنىڭ ئىشلىتىلىشى ۋە كېلىش مەنبەسى ئۈستىدە كىشىلەر دائىم غۇلغۇلا قىلىشىدۇ: بەزىلەر بۇ ئىدىشلاردا پادىشاھنىڭ غەلىبىسىنى تەبرىكلەش ئۈچۈن شاراپ ئېچىتىلغان دېسە، بەزىلەر سار تۈزلەڭلىكىنىڭ كىلىماتى قۇرغاق، سۇيى كەمچىل بولغاچقا بۇ ئىدىشلار يامغۇر سۇيىنى يىغىشقا ئىشلىتىلگەن دەيدۇ، يەنە بەزىلەر ئاللا نېمىلەرنى دېيىشىدۇ.





## كارناك تاش تۈۋرۈكلىرى نېمىگە ئىشلىتىلگەن؟





فرانسىيىنىڭ غەربىدىكى دىسنان چۆللىكىدە دۇنيادا كۆلىمى ئەڭ چوڭ بولغان گىگانت تاشلار خارابىلىقى ــ كارناك خارابىلىقى بار. بۇ خارابىلىقنىڭ دائىرىسى ناھايىتى چوڭ بولۇپ، سەككىز كىلومېتىردەك كېلىدۇ، تاشلارنىڭ سانىمۇ ياۋروپا بويىچە ئەڭ كۆپ. كارناك تاش تۈۋرۈكلىرى ئاساسەن ئۈچ گۇرۇپپىغا ــ لېمانىك، كېرمارو ۋە كېرۆزگانغا بۆلۈنگەن، ھەرقايسى گۇرۇپپىلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى ئومۇمەن ئوخشاش. گىگانت تاشلار ئېگىز ـ پەس بولۇپ، ئەڭ پاكىرى لېمانىكنىڭ غەربىي چېتىدە، ئېگىزلىكى 90 سانتىمېتىرچە كېلىدۇ، ئەڭ ئېگىزى كېرمارودا، ئېگىزلىكى يەتتە مېتىر. گىگانت تاشنىڭ نېمىگە ئىشلىتىلگەنلىكى ئۈستىدە كۆپ خىل قاراشلار بار. بەزىلەر يەرلىك خەلق بۇ گىگانت تاشلارنى ئەجدادلارنىڭ روھى، ئۇ ئايالالارنىڭ تۇغۇت ئىقتىدارىنى ئاشۇرىدۇ، دەپ قارىغان دېسە، بەزىلەر بۇ يەر دىنىي مەركەز، كىشىلەر بۇ گىگانت تاشلارغا چوقۇنغان دەيدۇ. يەنە ئوخشاشمىغان قاراشلارمۇ بار.

## «ئاخىرەت يولى» نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قانداق ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە؟



3000 يىل بۇرۇن ھازىرقى مېكسىكا شەھىرىنىڭ شىمالىدا گۈللەنگەن شەھەر ــ تېئوتىۋاكان بولغانىكەن. تېئوتىۋاكان شەھىرىنىڭ مەركىزىدە ئۇزۇنلۇقى تەخمىنەن ئۈچ كىلومېتىر، كەڭلىكى 40 مېتىر كېلىدىغان «ئاخىرەت يولى» بار. بۇ يولنىڭ ئىككى تەرىپىدە ھەر بىرى مەلۇم ئارىلىقتا ئايرىلىپ تۇرىدىغان سۇپىلار بار. ئۇلارنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى تەرتىپلىك بولسىمۇ، لېكىن يولنىڭ ياتتۇلۇقىغا ئەگىشىپ ئېگىزلىكىمۇ بارغانسېرى يۇقىرىلىغان. بەزى ئالىملارنىڭ ھېسابلىشىچە، بۇ سۇپىلار ئارىسىنىڭ نىسبىتى قۇياش سىستېمىسىدىكى توققۇز سەييارىنىڭ ئارىسىدىكى نىسبەت بىلەن ئوخشاش ئىكەن، يەنى «ئاخىرەت يولى» نىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قۇياش سىستېمىسىنىڭ كىچىكلىتىلگەن كۆرۈنۈشى ئىكەن. شۇغىنىسى، ئەشۇ يىللاردا كىشىلەر توققۇز سەييارە ئارىلىقىنىڭ قانچىلىك ئىكەنلىكىنى بىلەلەمتى؟ بۇ ھەقىقەتەن كىشىلەرنى ھاڭ ــ تاڭ قالدۇرىدۇ.



## بابىل ئەرش مۇنارىنىڭ قۇرۇلمىسى قانداق؟

بابىل ئەرش مۇنارى قەدىمكى دۇنيادىكى يەتتە چوڭ مۆجىزىنىڭ بىرى. ئۇنى نۇھ ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرى بابىلۇن ئەتراپىدا ياسىغان دەپ رىۋايەت قىلىنىدۇ. كىشىلەر ئۇنىڭ خارابىسىنى ئىزچىل ئىزدەپ كەلگەنىدى. كېيىن بابىلون خارابىسىدىن ئەرش مۇنارىنىڭ ئىزناسىنى تاپتى. ئەرش مۇنارى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى XVII ئەسىردە ياسالغان، ئېگىزلىكى 90 مېتىرچە بولۇپ، يەتتە قەۋەتكە بۆلۈنگەن. مۇنارنىڭ سىرتىغا بىر بۇرمىسىمان پەلەمپەي چىقىرىلغان. بىراق مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1234 ـ يىلى ئۇ ۋەيران قىلىنغۇېتىلگەن، كېيىن بۇ مۇنار قايتىدىن ياسالغان، بىراق مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 484 ـ يىلى يەنە ۋەيران قىلىنغۇېتىلگەن. ھازىر كىشىلەر بۇ مۇنارنىڭ تاشقى قىياپىتىنى ئەسلىگە كەلتۈردى. ئەمما ئۇنىڭ ئىچكى قۇرۇلمىسىنى بىلىدىغانلار يوق.




## كىشىلەر نېمە ئۈچۈن «مىنوس ئوردىسى» نى تاشلاپ قويغان؟





ئېگېي دېڭىزىدىكى ئەڭ چوڭ ئارال ــ كرىت ئارىلىدا سىرلىق مىنوس پادىشاھلىقى بولغان. بۇ پادىشاھلىق روناق تاپقان دەۋردە مەشھۇر «مىنوس ئوردىسى» نى ياساتقان. ئۇنىڭدا مىڭدىن ئارتۇق خانە بارلىقى قەيت قىلىنىدۇ. ھازىر كىشىلەر بۇ ئوردىنى قېزىپ تېپىپ ئۇنىڭ مۇكەممەل ساقلانغانلىقىنى كۆردى. ئۇ يەرنىڭ ئاھالىسى مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 3000 ـ يىللىرىدىلا تۈچ قوراللارنى ئىشلىتىشنى بىلگەنىكەن. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1700 ـ يىلى ئەتراپىدا بۇ يەردە يەر تەۋرىگەن، كېيىن ئوردا ـ قەسىرلەر قايتىدىن ياسالغان، مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1500 ـ يىلى بۇ ھەيۋەتلىك ئوردا تاشلاپ قويۇلغان، نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىنغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.



## قەدىمكى بۇلغارلار تاۋلاش تېخنىكىسىنى ئۆزلىرى ئىختىرا قىلغانمۇ؟

XX ئەسىرنىڭ 70 ـ يىللىرىدىن بۇرۇن بۇلغارىيە قەدىمكى مەدەنىيەت بۆشۈكلىرىنىڭ قاتارىغا كىرمىگەنىدى. بىر قېتىملىق تاسادىپىي ئارخېئولوگىيىلىك بايقاش كىشىلەرنىڭ بۇلغارىيىگە بولغان قارىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى. ئۇنىڭ دېڭىز ساھىلىدىكى شەھىرى ۋارنادا يەردىن قېزىۋېلىنغان مەدەنىيەت بۇيۇمى بايقىلىپ بۇ يەردە 6000 يىلدىن ئىلگىرى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ بولغانلىقىنى ئىسپاتلىدى. بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان ھۈنەر ـ سەنئەت بۇيۇملىرىنىڭ كۆپى تۇچتىن قۇيۇلغانىكەن، ياسىلىشى ئىنتايىن نەپىس بولۇپ، ئۇنىڭدىن ئەينى ۋاقىتتىكى كىشىلەرنىڭ تاۋلاش ۋە قۇيۇش تېخنىكىسىنى ئىگىلىگەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. بۇ تېخنىكىلارنى بۇلغارلارنىڭ ئەجدادلىرى ئىختىرا قىلغانمۇ؟ ياكى ئۇلار باشقا مىللەتتىن ئۆگەنگەنمۇ؟ بۇلار ئۈستىدە ئارخېئولوگلار ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىش ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ.



## غايەت زور ئادەم بېشى ھەيكىلى نېمە ئەھمىيەتكە ئىگە؟



مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1200 ـ يىلىدىن مىلادىيە 80 ـ يىلى ئارىلىقىدا ئوتتۇرا ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مېكسىكا قولتۇقىدا سىرلىق سانىلىدىغان ئولمېكلار ياشاپ، شانلىق مەدەنىيەت ياراتقان، شۇغىنىسى ئۇلارنىڭ روناق تېپىش تارىخىنى بىلىدىغانلار بەك ئاز. ئارخېئولوگلار ئولمېكلار خارابىلىرىدىن ئۇلارنىڭ ئۈچ نەزىر ـ چىراغ مەركىزىنى بايقىغان. بۇ جايدا ئولمېكلارنىڭ بازالىت تاشتىن ئويۇپ ياسالغان 15 دانە چوڭ ئادەم بېشىنىڭ ھەيكىلى بار بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئېگىزلىكى 1.5 مېتىردىن 2.9 مېتىرغىچە، ئېغىرلىقى 10 توننىدىن 40 توننىغىچە كېلىدۇ. بۇ باش ھەيكەللىرى روشەن ئاسىيا ـ ئافرىقا ئىرقى ئالاھىدىلىكىگە ئىگە بولۇپ، بۇرۇنلىرى ياپىلاق، كۆزلىرى خۇنۇك، كەيپىياتى چۈشكۈن ئىكەن. ئارخېئولوگلار ۋە تارىخشۇناسلار ئولمېكلارنىڭ روناق تېپىش تارىخىنى ئانچە چۈشەنمىگەچكە بۇ باش ھەيكەللىرىنىڭ ۋەكىللىك ئەھمىيىتىنى بىلىپ كېتەلمەيۋاتىدۇ.



## ماخېنزودام خارابىلىقىدىكى ئاھالىلەر قانداق ئۆلۈپ كەتكەن؟



بۇ يەردىن قېزىۋېلىنغان ناھايىتى كۆپ جەسەتلەردىن ئۇلارنىڭ ئىنتايىن غەلىتە ھالەتتە ئۆلگەنلىكىنى ئىسپاتلىغىلى بولىدۇ. بەزى جەسەتلەر ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالغان ھالەتتە بولۇپ، بۇنىڭدىن ئۇلارنىڭ ئۆزىنى قوغدىغانلىقى چىقىپ تۇرىدۇ. دەرۋەقە، بۇ ئادەملەر بىرەر ئاپەتتە ئۆلگەن، لېكىن ئۇلار ئىشتىن بۇرۇن بۇنداق ئاپەتنىڭ بولۇشىنى بىلمىگەن، ئالىملارنىڭ دەلىللىشىچە، بۇ يەردە يەر تەۋرەش ياكى يانار تاغ پارتلاشنىڭ ئالامىتى يوق ئىكەن. ئۇنداقتا، بۇ كىشىلەر تۇيۇقسىزلا ئۆلۈپ كەتكەنمۇ؟ كېيىن بايقىلىشىچە، ئاتوم بومبىسىنىڭ پارتلىشى كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاقىۋەتتەك يۇقىرى تېمپېراتۇرىدا قىزىپ كۆيگەن ئالامەتلەر بار ئىكەن. ئۇنداقتا، ئۇ ۋاقىتتا قانداقسىگە ئاتوم بومبىسى بولار؟ كىشىلەر بۇنىڭ تېگىگە ھەقىقەتەن يېتەلمەيدۇ.

## نېمە ئۈچۈن ئامېرىكا قىتئەسىدە شۇنچە كۆپ تونېل بار؟





ئارخېئولوگلار ئامېرىكا قىتئەسىدىكى مېكسىكىدا تورسىمان ياسالغان ئىنتايىن كۆپ تونېللارنى بايقىدى، بۇ تونېللار خېلى بۇرۇنلا ۋەيران بولغان مايالار شەھىرىنىڭ ئاستىدىكەن، مايا مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزىلا ناھايىتى سىرلىق بولغاچقا، بۇ تونېللار كىشىلەرنىڭ قىزىقىشىنى بەكلا قوزغىۋەتتى. بۇ تونېللار تېپىلغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئارخېئولوگلار بۇ يەرگە كېلىپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارغان بولسىمۇ ئۇلارنىڭ سىرىنى ئاچالمىدى. هازىرغىچە كىشىلەر بۇ تونېللارنى قېزىشتىكى مەقسەت ۋە قېزىش ئۇسۇلىنىڭ قانداقلىقىنى بىلەلمىدى.



## قەدىمىي شەھەرنى كىم بىنا قىلغان؟

جەنۇبىي ئامېرىكا قىتئەسىدىكى ئاندېس تاغ تىزمىلىرىنىڭ ئىچكىرىسىدە بولۇتلار بىلەن قاپلانغان ئېگىز ۋە تىك چوققىلار ئارىسىدا بىر سىرلىق «بولۇتقا تاقاشقان تاغلىق شەھەر» بار، نۇرغۇن ئالىملار ئۇنى ئىنكا ئىمپېرىيىسى ياساتقان دېيىشىدۇ. شۇغىنىسى قايسى چاغلاردا بىنا قىلىنغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.





## «بولۇتقا تاقاشقان تاغلىق شەھەر» دە نېمە ئۈچۈن شۇنچە كۆپ ئايالنىڭ جەسىتى بار؟





ئىنكالار بىنا قىلغان «بولۇتقا تاقاشقان تاغلىق شەھەر»دە ناھايىتى كۆپ گىگانت تاشلار بار، ئەينى ۋاقىتتا قانداق شارائىتتى ھازىرلانمىغان ئەھۋالدا بۇ گىگانت تاشلارنىڭ قانداق قىلىپ تاغقا توشۇپ كېلىنگەنلىكىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ قەدىمىي شەھەردە ئاياللارنىڭ جەسىدى ناھايىتى كۆپ ئىكەن، بۇ ئالىملارنى ھەيرەتتە قالدۇرماقتا.

## ؟ نېمە ئۈچۈن مالتادىكى گەمىلەردە شۇنچە كۆپ جەسەت بار؟



ئارخېئولوگلار مالتا ئارىلىدا غەلىتە مالتا گەمىلىرىنى بايقىدى، گەمە ئىچىدىكى تاش خانىلار بىر-بىرىگە تۇتىشىپ كەتكەن بولۇپ، ئەڭ چوڭقۇر يېرى 10 مېتىر كېلىدىكەن. لېكىن بۇ گەمىلەردە 7 مىڭدىن ئارتۇق جەسەت بارلىقى كىشىلەرنى ھەيران قالدۇردى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ جەسەتلەر دەپنە قىلىنىپ بولغاندىن كېيىن، بۇ يەرگە يۆتكەپ كېلىنگەنىكەن، ئۇلار نېمە ئۈچۈن يۆتكەپ كېلىنگەن، بۇنى چۈشەنمەك ھەقىقەتەن تەس.



# مالتا گەمىلىرى قايسى دەۋرلەردە كولانغان؟





ئالىملارنىڭ مۆلچەرلىشىچە، مالتا گەمىلىرى تەخمىنەن تۆت مىڭ يىللىق تارىخقا ئىگە ئىكەن. ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئالاھىدە كىچىك بىر تاش خانىدە ئولتۇرۇپ سۆزلىسە پۈتكۈل تاش خانىلەردە بۇ ئاۋازنى ئاڭلىغىلى بولىدىكەن، بۇنىڭ قەدىمكى دەۋردىكى يۇقىرى سۈپەتلىك ئاۋاز كۈچەيتكۈچ ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ئاشۇ دەۋرلەردە كىشىلەرنىڭ ئاۋازنىڭ تارقىلىش قائىدىسىنى بىلىدىغانلىقى ئادەمنى شۈبھىلەندۈرىدۇ.





## نېمە ئۈچۈن كورېيىدىكى تاش غار ئىبادەتخانىسىدا شۇنچە كۆپ گېئومېترىيىلىك قائىدىلەر قوللىنىلغان؟

كورېيىنىڭ كيوڭجۇ دېگەن يېرىدىكى خەنتۇ تېغىدا بىر مەشھۇر تاش غار ئىبادەتخانىسى بار. بۇ تاش غار ئىبادەتخانىسى 1300 يىلدىن ئارتۇق تارىخقا ئىگە ئىكەن. ئۇنىڭ نۇرغۇن جايلىرى ھازىرقى گېئومېترىيىلىك قائىدىلەرگە ئۇيغۇن كېلىدىكەن. ئىبادەتخانىدا بىر بۇت بولۇپ، بۇتنىڭ قورسىقىنى مەركەز قىلغان ھالدا تۆت چەمبەر چۆرىدەپ تۇرىدىكەن، ھەربىر چەمبەر گويا سىزكولدا سىزغاندەك دۈپ ـ دۈگىلەك ئىكەن، لېكىن ئۇ ۋاقىتتا سىركول يوق تۇرسا، قانداقسىگە شۇنچە توغرا سىزىلغاندۇ؟ ھازىر تاش غار ئىبادەتخانىسى كۆپ قېتىم رېمونت قىلىنىپ ئەسلى شەكلىنى تاپقىلى بولمايدىغان بولۇپ قالدى. شۇڭا كىشىلەرنىڭ ئاشۇ گېئومېترىيىلىك سىرلارنى يېشىشىنىڭ ئامالى بولمىدى.





## ئىستانبولدىكى سۇ ئوردىسى نېمىگە ئىشلىتىلگەن؟



تۈركىيىنىڭ پايتەختى ئىستانبولنىڭ شەھەر سىرتىدا ئىنتايىن سىرلىق بىر سۇ ئوردىسى بار. ئوردا ئىچىدە قەدىمكى رىم ئۇسلۇبىدىكى زال، قەد كۆتۈرۈپ تۇرغان ئاپئاق مەرمەر تاش تۈۋرۈكلەر، نەپىس ۋە چىرايلىق ياسالغان ھەيكەللەر ۋە ئېسىل تام سۈرەتلىرى بار. بىراق ئۇنى دائىم سۇ بېسىپ تۇرىدۇ، ئاجايىپ يېرى شۇكى، سۇ ئورنى بوسۇغىدىن ئېگىز بولسىمۇ، سۇ تېشىغا تېشىپ كەتمەيدۇ. ئوردىدىكى سۇ ناھايىتى قانۇنىيەتلىك ھالدا بىر سوتكىدا ئالتە قېتىم، ھەر قېتىمنىڭ ۋاقتى ئوخشاش ئۆرلەپ ـ پەسلەيدۇ. بەزىلەر بۇنى رىملىقلارنىڭ ئوردىسى دېسە، بەزىلەر بۇ بىر سۇ ساقلايدىغان كۆلچەك دەيدۇ. بۇ ئىككى قاراشنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرى بار. ئالىملار توغرا جاۋاب ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە.



## نېمە ئۈچۈن خاممۇراپى قانۇنىنىڭ بەزى يەرلىرىدە خەت يوق؟

قەدىمكى بابىلۇندا بىر تاش تۈۋرۈككە ئويۇلغان قانۇن بولغان، بۇ دۇنياغا مەشھۇر خاممۇراپى قانۇنىدۇر. مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 1163 ـ يىلى بۇ تاش تۈۋرۈك قانۇنى ئىلاملار بۇلاپ جەڭ غەنىمەتلىرى سۈپىتىدە پايتەختى سۇساغا ئېلىپ كەتكەن. كېيىن ئىلام پادىشاھلىقى پرسىيە تەرىپىدىن مۇنقەرز قىلىنىپ، خاممۇراپىنىڭ تاش تۈۋرۈك قانۇنى پرسىيىلىكلەرنىڭ قولىغا چۈشكەن. شۇنىڭدىن كېيىن بۇ قانۇننى ھېچكىم كۆرەلمىگەن، نەچچە مىڭ يىلدىن كېيىن كىشىلەر بۇ بىباھا قانۇننى قېزىپ چىققان، ئۇنىڭ ئالدى تەرىپىدىكى يەتتە كاتەكچە بۇزۇلۇپ كەتكەن بولۇپ، ئۇ يەردە ھېچقانداق خەت يوق ئىكەن. بەزىلەر بۇنى ئىلام پادىشاھلىقى بۇزۇۋەتكەن، چۈنكى ئۇ يەرگە ئۆزىنىڭ تۆھپىلىرىنى پۈتمەكچى بولغان دەيدۇ. بىراق، ئۇ يەرگە نېمە ئۈچۈن ھېچقانداق خەت ئويۇلمىغانلىقىنى بىلمەك ھەقىقەتەن تەس.





## قۇياش قوۋۇقىنى كىم ياسىغان؟

ئامېرىكا قىتئەسىنىڭ ئاندېس ئېگىزلىكىدە دۇنياغا مەشھۇر قۇياش قوۋۇقى بار. بۇ قۇياش قوۋۇقى ئېغىرلىقى 100 تونىنا ئەتراپىدىكى بىر پۈتۈن تاشتىن ئويۇپ ياسالغان، ئۇنىڭ ئېگىزلىكى 3.048 مېتىر، كەڭلىكى 3.962 مېتىر،قوۋۇق كېشىكىنىڭ ئوتتۇرىسىغا بىر ئادەمنىڭ قاپارتما نەقىشى ئويۇلغان، ئۇنىڭ ئەتراپىغا كىچىكرەك 48 مەبۇد ئويۇلغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا



ھەر يىلى كۈزدە كۈن ـ تۈن تەڭلەشكەن چاغدىكى سۈبھىنىڭ تۇنجى نۇرى توپتوغرا مۇشۇ قوۋۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا چۈشىدىكەن. بۇ قوۋۇقنىڭ بايقىلىشى ناھايىتى زور زىلزىلە پەيدا قىلدى. ئالىملار بۇنى مىلادىيە 1000 ـ يىلدىن بۇرۇن ياسالغان، ئۇ دىنىي ئىمارەت دەپ ھېسابلىدى، لېكىن ئۇنى كىمنىڭ، قانداق ياسىغانلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.



## قانداق قورال قەدىمكى ھىندىستاندىكى خىشنى كۆيدۇ-رۇۋېتەلىگەن؟

ھىندىستاننىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا بىر خىل ئاجايىپ قو-رالنىڭ بولغانلىقى خاتىرىلەنگەن، بۇ قورال بىر خىل نۇر چاچىدىغان ئىس - تۈتەكسىز توپ ئوقىكەن، ئۇنىڭ نۇرى تۆت تەرەپكە چېچىلى-دىكەن ۋە كۈچ - قۇدرىتى ناھايىتى زور ئىكەن. ئارخېئولوگلار بەزى قەدىمىي خارابىلەردە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ ئېرلاندىيىنىڭ دۇندالك ۋە ئېكورس قەلئەلىرىدە بۇ خىل قورال زەربىسىنىڭ ئىزنالىرىنى بايقىغان، بۇ خىل قورال خىشنى ئېرىتىپ كۈل قىلىۋېتەلەيدىكەن. بۇ زادى قانداق قورال؟ قەدىمكىلەردە قانداقسىگە بۇنداق ئىلغار قورال بولار؟ ئالىملار زامانىۋى يۇقىرى پەن - تېخنىكىدىن پايدىلىنىپمۇ بۇ سىرنى يېشەلمەيۋاتىدۇ.







## فىرئەۋن قەبرىسى ئىچىگە كىرگەنلەر ئۆلۈپ كېتەمدۇ؟



ئالىملار ئالتە يىل ۋاقىت سەرپ قىلىپ فىرئەۋن تۇتكامىننىڭ قەبرىسىنى تاپقان، لېكىن قەبرە ئالدىدىكى تاشقا «قەبرىگە ئوغرىلىقچە كىرگەنلەر كىم بولۇشىدىن قەتئىينەزەر پادىشاھنىڭ قارغىشىغا ئۇچرايدۇ» دەپ يېزىلغانىدى. ئالىملار فىرئەۋن قەبرىسىگە كىرگەندىن كېيىن، فىرئەۋىننىڭ مومىياسىنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن ھەمدە رەڭلىك سۈرىتىنى تارتقان. بىراق كېيىن ئۇ يەرگە كىرگەن ئالىملار ئارقا ـ ئارقىدىن ئۆلۈپ كەتكەن، ھەتتا فىرئەۋن تاۋۇتىنىڭ قاپقىقىنى ئېچىشقا قاتناشقان 13 كىشىمۇ ئۆلۈپ كەتكەن.



بۇنىڭ سەۋەبى نېمە؟ قارغىشقا ئۇچراپ ئۆلدىمۇ؟ ياكى مەلۇم ۋىرۇس، رادىئوئاكتىپ ئامىللارنىڭ تەسىرىدىن ئۆلدىمۇ؟ مۇتەخەسسىسلەر بۇلار ئۈستىدە ئىلگىرىلەپ تەتقىقات ئېلىپ بارماقتا.

## ئېھرامنىڭ غەيرىي ئېففېكتى (تەسىرى) بارمۇ؟

فرانسىيىلىك پوبىر مىسىردىكى ئېھرامدا چىرىپ كەتمەستىن موميا بولۇپ قالغان ئاسلان، كۈچۈكلەرنىڭ ئۆلۈكىنى كۆرۈپ، ئېھرامدا چوقۇم مەلۇم غەيرىي ئېففېكت بار ئىكەن دەپ ھېسابلايدۇ ـ دە، ئېھرامنىڭ چوڭ ـ كىچىكلىكىگە تەقلىد قىلىپ تاختاي بىلەن بىر كىچىك «ئېھرام» ياساپ، ئىچىگە يېڭىلا ئۆلگەن مۈشۈكنى قويۇپ قويىدۇ، ئۇزاق ئۆتمەيلا مۈشۈك موميا بولۇپ قالىدۇ، نۇرغۇن ئادەملەر ئۇنى دوراپ مۇۋەپپەقىيەت قازانغان بولسىمۇ، يەنە نۇرغۇنلىرى مەغلۇب بولىدۇ. ئېھرامدا غەيرىي ئېففېكتنىڭ بار ـ يوقلۇقى يەنىلا بىر سىر بولماقتا.





## نېمە ئۈچۈن دېڭىز ئاستىدىمۇ ئېھرام بار؟

ئالىملار بېرمۇدا دېلتىسى رايونىدىكى دېڭىز ئاستىدا ھوپ ئېھ-رامىدىنمۇ چوڭ ئېھرامنى بايقىدى. بەزىلەر بۇ ئېھرام ئەسلىدە قۇ-رۇقلۇقتا ياسالغان، كېيىن سۇ ئاستىدا قالغان دەپ قارىدى، بەزىلەر ئۇنى كىشىلەر ياسىغان بولماستىن تەبىئىي شەكىللەنگەن دەۋاتىدۇ. لېكىن ھازىر ھەر ئىككى خىل قاراشنىڭ يېتەرلىك دەلىلى يوق.



## دېڭىز ئاستىدىكى ئېھرام بېرمۇدانى «ئالۋاستى دېلتىسى» غا ئايلاندۇرۇپ قويغانمۇ؟

بېرمۇدا ئەتراپىدا ئارقا ـ ئارقىدىن غەيرىي ئىشلار يۈز بەرگەچكە، كىشىلەر دائىم بۇ سىرلارنى ئېچىش ئويىدا بولۇۋاتىدۇ، ناۋادا دېڭىز ئاستىدىكى ئېھرام كىشىلەر تەرىپىدىن ياسالغان بولسا، ئۇلار ھازىرقىدىنمۇ يۇقىرى تېخنىكىنى ئىگىلىگەن بولىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئېھرام ئالاھىدە ئىلاھىي كۈچكە ئىگە بولۇپ، بېرمۇدانى «ئالۋاستى دېلتىسى» غا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ، بۇ بىر خىل قاراش بولۇپ، تېخى ئىسپاتلانغىنى يوق.



## ئېھرام قوپۇرۇلغان تاش قەيەردىن كەلتۈرۈلگەن؟



مىسىردا چوڭ ـ كىچىك بولۇپ 70 ~ 80 دىن ئارتۇق ئېھرام بار، ھەربىر ئېھرام ناھايىتى نۇرغۇن چوڭ تاشلاردىن قوپۇرۇلغان، خۇپ ئېھرامىغا جەمئىي 2 مىليون 200 مىڭ پارچىدىن ئارتۇق تاش ئىشلىتىلگەن، ھەربىر تاش ئادەم بويىدىنمۇ ئېگىز بولۇپ، ھەر بىرىنىڭ ئېغىرلىقى تەخمىنەن ئىككى يېرىم توننا كېلىدۇ. بۇ تاشلار شۇنچە چوڭ تۇرسا قەدىمكىلەر قانداق قېزىپ، قانداق توشۇپ، قانداق قوپۇرۇپ چىققاندۇ؟ بۇ تاشلارنى ھازىرقى زامان تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ توشۇماق ۋە قوپۇرۇپ چىقماقنىڭ ئۆزىمۇ ئىنتايىن جاپالىق قۇرۇلۇش ھېسابلىنىدۇ. كىشىلەر يەنە ئەتراپتىكى نەچچە يۈز كىلومېتىرلىق دائىرىدە بۇنداق تاشلارنى تاپماقنىڭ تەسلىكىنى بايقىغان، ئۇنداقتا بۇ تاشلار قەيەردىن كەلتۈرۈلگەن، بۇ ھەقىقەتەنمۇ كىشىنى ھەيرەتتە قالدۇرىدۇ.



## ئېھرامغا ئىشلىتىلگەن گىگانت تاشلار تەبىئىي تاشلارمۇ؟

بەزى ئالىملار بۇ توغرىسىدا ئوخشاشمىغان قاراشلىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، ئېھرامنىڭ گىگانت تاشلىرى سۇنئىي تاشلار، دېيىشتى. ئۇلار مىكروسكوپ ۋە خىمىيىلىك ئانالىز ئۇسۇلىدىن پايدىلىنىپ بۇ تاشلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، ئېھرامنىڭ تاشلىرى ھاك بىلەن قۇلۇلە قېپىنى لاي قىلىپ ئارىلاشتۇرۇپ، ھازىرقى كىشىلەر بېتون تاختا ياسىغاندەك ياسالغان دەپ ھېسابلىدى. ئۇلار تاشتىن بىر ئوچۇم ئادەم چېچىنى بايقىغان، بۇ چاچ ئىشلەمچىلەرنىڭ چېچى بولسا كېرەك دەپ قارايدۇ. گەرچە ھازىر نۇرغۇن ئالىملار بۇ قاراشقا قوشۇلسىمۇ، يەنىلا خېلى كۆپ كىشىلەر قارشى پىكىردە بولۇپ، ئۇ ۋاقىتتا بۇنداق «بېتون تاختا» ياساش تېخنىكىسى بولۇشى مۇمكىن ئەمەس دەپ ھېسابلايدۇ.



**ئېھرامدا ئىشلىتىلگەن سانلارنىڭ ئالاھىدە ئەھمىيىتى بارمۇ؟**

مىسىردىكى خۇپۇ ئېھرامىنىڭ سىرتقى قىسمىنىڭ ياسىلىشىدا يېشىشكە تولىمۇ قىيىن بولغان نۇرغۇن سىرلىق جايلار بار. خۇپۇ ئېھرامىنىڭ ئېگىزلىكىنى مىليارد قاتلاپ كۆپەيتكەندە يەر بىلەن قۇياشنىڭ ئارىلىقىغا يېقىن كېلىدۇ؛ ئېھرام ئۇلىنىڭ ئايلانمىسىنى ئېھرام ئېگىزلىكىنىڭ ئىككى ھەسسىسىگە بۆلگەندە چەمبەر كونستانتى π گە تەڭ بولىدۇ؛ ئېھرام ئېگىزلىكىنىڭ كۋادراتى ئېھرام يۈزىدىكى ئۈچبۇلۇڭلۇق شەكىلنىڭ يۈزىگە تەڭ كېلىدۇ؛ چوڭ ئېھرام ئۇلى ئايلانمىسىنىڭ ئىككى ھەسسىسى ئېكۋاتورنىڭ ۋاقىت گرادۇس بۆلۈنمىسىگە تەڭ كېلىدۇ. ئەمەلىيەتتە يۇقىرىدىكىگە ئوخشاش سانلار قانۇنىيىتى ناھايىتى كۆپ بولۇپ، كىشىلەر بىناكارلارنىڭ ئېھرامنى ئالاھىدە مەقسەت بىلەن مەلۇم قانۇنىيەتتە ياسىغانلىقىنى ۋە ياكى تاسادىپىي ماس كېلىپ قالغانلىقىنى بىلىپ بولالمىدى.



## چىن شىخۇاڭ قەبرىسىنىڭ ياسىلىش ئۇسلۇبى مىسىر ئېھراملىرىنىڭ ئۇسلۇبى بىلەن مۇناسىۋەتلىكمۇ؟

چىن شىخۇاڭ قەبرىسىدىكى لەشكەر ۋە ئات ھەيكەللىرى دۇنيادىكى «سەككىز مۆجىزە» نىڭ بىرى، ئۇ جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە قەدىمىي قەبرە قۇرۇلۇشىدۇر. ھالبۇكى، بەزى غەرب ئالىملىرى چىن شىخۇاڭ قەبرىسى، ئەمەلىيەتتە، شەرقتىكى ئېھرام، يەنى چىن شىخۇاڭ قەبرىسى مىسىر ئېھراملىرى ئۇسلۇبى بويىچە ياسالغان دەپ ھېسابلىدى. بۇنداق قاراشتىكى ئالىملار ئېھرامنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرى ئايرىم ـ ئايرىم ھالدا شەرق، جەنۇب، غەرب، شىمالغا قاراپ تۇرىدۇ، ئېھرام ئىچىدە سىماب بار، چىن شىخۇاڭ قەبرىسىمۇ بۇ ئالاھىدىلىكلەرگە ئىگە دەيدۇ. لېكىن نۇرغۇن ئالىملار بۇ قاراشقا قوشۇلمايدۇ، ئۇلار جۇڭگو مەدەنىيىتى ئۆزلۈككە ئىگە، ئېھرام بىلەن ھېچقانداق مۇناسىۋىتى يوق دەپ قارايدۇ.



## ئېھرامدىكى ئېنېرگىيە نەدىن كەلگەن؟



ئېھرام ئىچىدىكى مومىيالار ئىنتايىن ياخشى
ساقلانغان، ئۇ يەرگە كىرىپ قالغان ھايۋانلارنىڭ
ئۆلۈكلىرىمۇ ياخشى ساقلانغان. بەزى ئالىملار
ئېھرام قۇرۇلمىسى ناھايىتى ياخشى بولغان مىكرو
دولقۇنلۇق گارمۇنىك كاۋاك گەۋدە، مىكرو دولقۇن-
لۇق ئېنېرگىيىنىڭ قىزدۇرۇش ئەففېكتى مىكروب
ئۆلتۈرىدۇ، ئۇنىڭ ئۇستىگە جەسەتنىمۇ سۇسىزلان-
دۇرىدۇ، دەپ قارايدۇ، يەنە بەزى ئالىملار ھەرقانداق
قۇرۇلۇشنىڭ تاشقى تەرىپى كائىنات دولقۇنلىرىنى ئوخشاشمىغان دە-
رىجىدە قوبۇل قىلىدۇ، ئېھرام كائىنات دولقۇننى قوبۇل قىلالايدۇ
ھەمدە ساقلىيالايدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن بىرخىل تەبىئەتتىن ھالقىغان
ئېنېرگىيە ھاسىل قىلىدۇ ـ دە، جەسەتنى چىرىتمەيدىغان ئۇنۇمگە
ئېرىشتۈرىدۇ دەپ قارايدۇ. بىراق تۆت مىڭ يىل ئىلگىرىكى كىشى-
لەر مىكرو دولقۇن ۋە كائىنات دولقۇنىدىن پايدىلىنىشنى قانداقمۇ
بىلسۇن؟ شۇڭا ئېھرامدىكى ئېنېرگىيە ھېلىھەم بىر سىر.





## نېمە ئۈچۈن سفىنكسنىڭ بۇرنى پۇچۇق بولۇپ قالغان؟



57 خافرا ئېھرامى ئەتراپىدا ئۇزۇنلۇقى مېتىر، ئېگىزلىكى 20 مېتىر كېلىدىغان شىر تەنلىك، ئادەم يۈزلۈك ھەيكەل بار، ئۇ سفىنكس دېيىلىدۇ. سفىنكس دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ شىر تەنلىك، ئادەم يۈزلۈك ھەيكەل بولۇپ، ئۇ فىرئەۋنىنىڭ ھەيۋىتىگە سىمۋول قىلىنغان. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، .بۇ تاش ھەيكەل مىسىرنىڭ قەدىمكى پادىشاھلىق دەۋرىدىكى 4 ـ سۇلالىنىڭ فىرئەۋنى خافرانىڭ سىياقىدا ياسالغانىكەن. بىراق تاش ھەيكەلنىڭ بۇرنى پۇچۇقكەن، بۇ زادى قانداق ئىش؟ بەزىلەر ناپالېئون مىسىرغا تاجاۋۇز قىلغاندا پارتلىتىۋېتىپ پۇچۇق بولۇپ قالغان دەيدۇ، يەنە بەزىلەر ئۇ يەرنىڭ كىلىماتى ناچار بولغاچقا بۇرنىنى شامال يالاپ كەتكەن دەيدۇ.



## سفىنكسكە زادى قانچىلىك ۋاقىت بولدى؟

سفىنكس مىسىرنىڭ قەدىمكى مەدەنىيىتىنىڭ مۇھىم بەلگىلى-رىنىڭ بىرى. كىشىلەر ئومۇمەن، ئۇ مىسىر ئېھراملىرى بىلەن بىر ۋاقىتنىڭ مەھسۇلى دەپ قارايدۇ. بىراق، ئامېرىكىلىق ئالىم لوۋېې-رىتشۇ سفىنكسنى شامال يالاپ كەتمەستىن، بەلكى كەلكۈن يالاپ كەتكەن دەيدۇ. ئۇ مىلادىيەدىن ئىلگىرىكى 10500 ـ يىلىنىڭ ئالدى ـ كەينىدە مىسىر قۇملۇقىدا زور كەلكۈن ئاپىتى بولغان، بۇ ئاپەت سفىنكستا چوڭقۇر ئىز قالدۇرغان دەپ كۆرسىتىدۇ. ھازىر بەزى ئار-خېئولوگلار ۋە ئاستا-رونوملار ئۇنىڭ بۇ قا-رىشىغا قوشۇلۇۋاتىدۇ، ئەگەر ئۇلارنىڭ بۇ قا-راشلىرى پۈت تىرەپ تۇرالىسا، ئۇ ھالدا 10500 يىل بۇرۇنقى ئىنسانلاردا يۈكسەك مەدەنىيەت بار ئىدى، دېگەنلىك بولىدۇ. ھازىر نۇرغۇن ئالىم-لار سفىنكس ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرى-ۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ ئۇنىڭ يېشىنى توغرا تېپىپ چىقىشىنى تى-لەيمىز.



# سىرلىق ھادىسىلەردىكى يېشىلمىگەن سىرلار

- ئۇچار تەخسە ھەققىدىكى يېشىلمىگەن سىرلار
- تەبىئەت ھادىسىلىرىدىكى يېشىلمىگەن سىرلار



# ئۇچار تەخسە ھەققىدىكى يېشىلمىگەن سىرلار

## ئۇچار تەخسە دېگەن نېمە؟

ئۇچار تەخسە ــ ھاۋادا ئۇچىدىغان، تەخسىسىمان نەرسىدۇر. نۇرغۇن كىشىلەر ئۇچار تەخسە تاشقى پلانېتا كىشىلىرى ئولتۇرىدىغان ئۇچقۇ دەپ قارايدۇ. ئامېرىكىدىكى 60% ئادەم ئۇچار تەخسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئىشىنىپ ئالەمدىكى باشقا پلانېتىلاردا ئەقىللىق مەۋجۇدات بار، ئۇلارنىڭ ئۇچار تەخسىسى بىزدىكى ئايروپىلانغا ئوخشاشلا ئومۇملاشقان دەپ قارايدۇ.



«ئۇچار تەخسىنى كۆرگەن» لەرنىڭ ئېيتىشىچە، ئۇچار تەخسە نۇر چاچىدىكەن، ناھايىتى تېز ئۇچۇپ كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە غايىب بولىدىكەن. بىراق ئۇچار تەخسىنىڭ بار ـ يوقلۇقى ئۇستىدە يەنىلا ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.



## ئۇچار تەخسە قانچىلىك چوڭلۇقتا؟

ئۇچار تەخسە ھەققىدىكى تەسۋىرلەشلەر خىلمۇخىل بولۇپ، بەزىلەر ئۇچار تەخسە نەچچە سانتىمېتىرلا چوڭلۇقتا، ئۇنى ئوچۇق كۆرگىلى بولمايدۇ، دېسە، بەزىلەر ئۇچار تەخسە تاغ كەبى چوڭلۇقتا، ئىنتايىن قورقۇنچلۇق كۆرۈنىدۇ، دەيدۇ؛ بەزىلەر ئۇچار تەخسە شەپە سىز يېتىپ كېلىپ ئالدىڭىزدا تۇيۇقسىز پەيدا بولىدۇ، دېسە؛ بەزىلەر ئاۋازى قۇلاقنى يېرىۋېتىدۇ، كۆرگەن ھامان ئۆزىنى چەتكە ئېلىش كېرەك، دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر ئۇچار تەخسە گويا كۆمتۈرۈپ قويۇلغان ئىككى تەخسىدەك دۈپ ـ دۈگىلەك دېسە، يەنە بەزىلەر ئۇچار تەخسە ئۇچبۇلۇڭ شەكىلدە بولۇپ، گىرۋەكلىرى ئېنىق كۆرۈنىدۇ، دەيدۇ. كىشىلەرنىڭ گەپ ـ سۆزلىرى ھەر خىل، ئۇچار تەخسىنىڭ زادى قانداقلىقىنى ھېچكىم بىلمەيدۇ.



## نامەلۇم ئۇچار جىسىم قانداق بولىدۇ؟

كىشىلەر نامەلۇم ئۇچار جىسىمنى بىردەك UFO دەپ ئاتايدۇ. ئومۇمەن ئېيتقاندا، ئۇچار تەخسە نامەلۇم ئۇچار جىسىمنىڭ بىر تۈرى. دۇنيانىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى نۇرغۇن كىشىلەر نامەلۇم ئۇچار جىسىمنى كۆرگەنلىكىنى ئېيتىشىدۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ نامەلۇم ئۇچار جىسىم توغرىسىدىكى تەسۋىرلىرى ھەر خىل. ستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، ئامېرىكىدا ھەر كۈنى نامەلۇم ئۇچار جىسىم ھەققىدە تەخمىنەن 200 پارچە دوكلات تاپشۇرۇۋېلىنىدىكەن، ئەمما ھەر بىر دوكلاتتىكى مەزمۇن ئوخشاشمايدىكەن، UFO نىڭ قانداق بولىدىغانلىقى توغرىسىدا 20 خىل گەپ بار ئىكەن، شۇڭا كىشىلەر نەزەرىدىكى نامەلۇم ئۇچار جىسىمنىڭ شەكلى خىلمۇخىل.



## جۇڭگولۇقلار «ئۇچار تەخسە» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى قاچان بىلگەن؟

1947 ـ يىلى ئامېرىكىلىق داۋكىنس ئارنولد شەخسىي ئايروپىلانىنى ھەيدەپ ساياھەت قىلغان. ئۇ ۋاشىنگتوننىڭ لىنىر تېغى ئەتراپىدا دۇگىلەك تەخسىسىمان ئۇچار جىسىمنىڭ ھاۋا بوشلۇقىدا ئۇچۇۋاتقانلىقىنى كۆرگەن ۋە كۆرگەنلىرىنى كىتاب قىلىپ يېزىپ چىققان، شۇنىڭدىن باشلاپ ئۇچار تەخسە دېگەن سۆز ھەممە ئادەمگە تونۇش بولۇپ قالدى. بەزىلەر داۋكىنس ئارنولد «ئۇچار تەخسە» نى بايقاپ ئۇزاق ئۆتمەيلا جۇڭگودا «ئۇچار تەخسە» نىڭ مەۋجۇتلۇقى خەۋەر قىلىنغان، بۇنىڭ بىلەن جۇڭگولۇقلار مۇشۇ ۋاقىتتا «ئۇچار تەخسە» نى بىلگەن دەيدۇ. لېكىن يەنە بەزىلەر 1978 ـ يىلغا كەلگەندە ئۇچار تەخسە جۇڭگولۇقلارنى ھەيران قالدۇرۇپ ھەممىگە تونۇشلۇق ئاتالغۇغا ئايلانغان دەيدۇ.






## جۇڭگونىڭ قەدىمكى دەۋرىدە نامەلۇم ئۇچار جىسىم توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بولغانمۇ؟

نۇرغۇن ئەللەرنىڭ تارىخىي ماتېرىياللىرىدا نامەلۇم ئۇچار جىسىم توغرىسىدىكى خاتىرىلەر بار، جۇڭگونىڭ تاڭ سۇلالىسى دەۋرىدىكى « ئەرش مەجمۇئەسى» دە: سامادا بىر ئۇچقۇ ئايان بولدى، ئۇزۇنلۇقى 50 چىدىن ئاشىدۇ، ئاۋازى گويا بازغان ئۇرغاندەك قاتتىق، دېگەن خاتىرىلەر بار. «ئەرش مەجمۇئەسى» دە ئېيتىلغان نەرسە نامەلۇم ئۇچار جىسىم بولماسلىقىمۇ مۇمكىن، شۇڭا ئۇنى نەزەرگە ئالغىلى بولمايدۇ، دەيدىغانلارمۇ بار. قەدىمكىلەرنىڭ نامەلۇم ئۇچار جىسىمنى كۆرگەن ـ كۆرمىگەنلىكىدىن قەتئىينەزەر، ھازىرقىلارنىڭ نامەلۇم ئۇچار جىسىمغا بولغان قىزغىنلىقى سۇسلىشىپ قالمىدى.







## ئۇچار تەخسىنىڭ قانداق ئىقتىدارى بار؟

ئىنسانلار «ئۇچار تەخسە» دېگەن بۇ ئاتالغۇنى ئىجاد قىلغاندىن بېرى ئۇچار تەخسىنىڭ ئىقتىدارى توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر تۈرلۈك تۈمەن بولدى. بەزىلەر ئۇچار تەخسىنىڭ شەكلى ۋە چوڭ ـ كىچىكلىكى كۆزنى يۇمۇپ ئاچقۇچە ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، ئۇچۇش يۆنىلىشىمۇ خالىغانچە ئۆزگىرىپ تۇساتتىنلا 360° بۇرۇلۇپ كېتىدۇ، دەيدۇ؛ بەزىلەر ئۇچار تەخسە «يورۇقلۇق دولقۇنى» ياكى «يورۇقلۇق تۈۋرۈكى» قويۇپ بېرىپ، شۇ جاينىڭ سائىتىنى توختىتىپ قويالايدۇ، ھەتتا بەزى ھايۋاناتلارنى قورقۇتۇپ ئۈركىتىۋېتىدۇ، دەيدۇ. «كۆرگۈچىلەر» نىڭ ئېيتىشىچە، ئۇچار تەخسىنىڭ بەزى ئىقتىدارلىرىغا ئىنسانلار تېخنىكىسىنىڭ كۈچى يەتمەسمىش.



## ئۇچار تەخسە يەر شارىدىكى ئادەملەرنى تۇتۇپ كېتەلەمدۇ؟






دۇنيادا نۇرغۇن كىشىلەر تۇيۇقسىز يوقاپ كەتكەن، ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇلارنى تاپقىلى بولمىغان، بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، تاشقى پلانېتا ئادەملىرى ئۇچار تەخسىنى يەر شارىغا ھەيدەپ كېلىپ ئۇلارنى تۇتۇپ كېتىپ تەجرىبىگە ئىشلەتكەنمىش. ئايروپىلان، كېمە ـ پاراخوتلار ھەممىشە بېرمۇدا ئەتراپىدا ھادىسىگە ئۇچراپ ياكى سىرلىق ھالدا يوقاپ كېتىپ تۇرىدىكەن، كىشىلەر ئۇنىڭ سەۋەبلىرىنى تاپالماي بۇلارنى تاشقى پلانېتا ئادەملىرى تۇتۇپ كەتكەن، دەپ قارايدىكەن. گەرچە بۇ قاراشلارنىڭ ھازىرغىچە ئىسپاتى بولمىسىمۇ، نۇرغۇن كىشىلەر يەنىلا بۇنىڭغا ئىشىنىدىكەن.

## تاشقى پلانېتا ئادەملىرى شىزاڭغا كەلگەنمۇ؟



ئارخېئولوگلار ئېلىمىزنىڭ شىزاڭ ئاپتونوم رايونىدا بىر غەلىتە تاغ ئۆڭكۈرنى بايقىغان. ئۇنىڭ ئىچىدە ناھايىتى نۇرغۇن قەبرە ۋە دۈگىلەك گرانىت تاشلار بار ئىكەن. بۇ تاشلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇمىلاق تۆشۈك بار بولۇپ، تۆشۈكنى مەركەز قىلغان ھالدا قوش ئىزلىق نو بۇرمىسىمان ھالدا تاكى تاشنىڭ گىرۋىكىگىچە تۇتاشقان ئىكەن. جۇڭگو پەنلەر ئاكادېمىيىسىنىڭ پروفېسسورلىرى بۇنىڭ ئۈستىدە تەھلىل يۈرگۈزۈپ تاشنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدىن 12000 يىل بۇرۇن تاشقى پلانېتا ئادەملىرىنىڭ يەر شارىغا كەلگەنلىكى يېزىلغانلىقىنى ئېنىقلىغان. گەرچە نۇرغۇن ئالىملار بۇ قاراشقا قوشۇلسىمۇ، يەنە نۇغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشەنمەيدىكەن.

## تاشقى پلانېتا ئادەملىرىنىڭ ھەممىسى يەر شارىغا ئۇچار تەخسىگە ئولتۇرۇپ كەلگەنمۇ؟



يېقىنقى يىللاردىن بۇيان كىشىلەر تاشقى پلانېتا ئادەملىرى يەر شارىغا قەدەم باسقان دەپ قاراپ زېمىندىكى چۈشىنىپ بولمايدىغان ئىشلارنى ئۇلارغا ئارتىپ قويماقتا. بىراق ھازىر تاشقى پلانېتا ئادەملىرىنىڭ نە سۈرىتى ۋە ياكى نەرسىلىرى قولغا چۈشمىگەن ئەھۋالدا نۇرغۇن كىشىلەر بۇنىڭغا ئىشەنمەيۋاتىدۇ. شۈبھىسىزكى، ئۇچار تەخسىنىڭ مەۋجۇتلۇقى توغرىسىدا يېتەرلىك دەلىل - ئىسپاتقا ئېرىشمەي تۇرۇپ تاشقى پلانېتا ئادەملىرى ئۇچار تەخسىگە ئولتۇرۇپ يەر شارىغا كەلگەن، دېگىلى بولمايدۇ.



## «تاشقى پلانېتا ئادەملىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىش سۇغۇرتىسى» تۆلىمىگە ئېرىشكەنلەر بارمۇ؟

تاشقى پلانېتا ئادەملىرىنىڭ يەر شارى ئادەملىرىنى تۇتقۇن قىلىغانلىقى توغرىسىدىكى گەپ ـ سۆزلەر كۆندىن كۆنگە كۆپەيمەكتە، بۇ «تاشقى پلانېتا ئادەملىرىنىڭ تۇتقۇن قىلىش سۇغۇرتىسى» دەيدىغان نەرسىنىڭ روياپقا چىقىشىغا يول ئېچىپ بەردى. نۇرغۇن كىشىلەر ئېپقاچتى گەپلەردىن قورقۇپ ئارقا ـ ئارقىدىن سۇغۇرتا سېتىۋالدى. لېكىن سۇغۇرتا شىركەتلىرى تۆلەم ئىلتىماس قىلغۇچىلاردىن ھەقىقىي ئىشەنچلىك دەلىل بىلەن تەمىنلەشنى تەلەپ قىلدى. بىراق ھېچكىم تاشقى پلانېتا ئادەملىرى تۇتقۇن قىلغانلىق ئىسپاتىنى كۆرسىتەلمىگەچكە ھازىرغىچە بۇ سۇغۇرتا تۆلىمىگە ئېرىشكەنلەر چىقمىدى. بۇنداق ئىشنىڭ كەلگۈسىدە بولۇشىمۇ ناتايىن.



## پويىز سۈرئىتىنىڭ تېزلىشىشىنى ئۇچار تەخسە (UFO) كەلتۈرۈپ چىقارغانمۇ؟

1985 ـ يىلى فېۋرالدا سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ بىر پويىزى تۇساتتىنلا نامەلۇم ئۇچار جىسىمغا ئۇچراپ قالغان. ئەسلىدە پويىز دۆڭگە چىقىۋاتقاندا سۈرئىتى ئاستىلىغانىدى. دەل شۇ چاغدا بىر شارسىمان گۈلخان پەيدا بولغان ـ دە، پويىزنىڭ سۈرئىتى دەرھال ئېشىپ پويىز ناھايىتى ئوڭايلا دۆڭدىن ھالقىپ ئۆتكەن؛ پويىز دۆڭدىن پەسكە چۈشۈۋاتقاندا ئۇشتۇمتۇت تورمۇز تۇتالماس بولۇپ قالغان، شارسىمان گۈلخان يەنە پەيدا بولغان ۋە پويىزنىڭ سۈرئىتى ئۆزلۈكىدىن ئاستىلىغان، پويىز نىشانلىغان جايغا ئامان ـ ئېسەن يېتىپ بارغان، بۇ نامەلۇم ئۇچار جىسىمنىڭ پويىز سۈرئىتىگە تەسىر كۆرسەتكەنلىكىمۇ ياكى باشقا سەۋەب بارمۇ، بۇ ھەقىقەتەنمۇ ئويلاپ تېگىگە يەتكىلى بولمايدىغان ئىش.





## جۇڭگودىن تاشقى پلانېتا ئادەملىرى تۇتۇپ كەتكەنلەر بارمۇ؟

چەتئەللەردە مەلۇم كىشىنى تاشقى پلانېتا ئادەملىرى تۇتۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى خەۋەرلەر دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، ھەتتا تاشقى پلانېتا ئادەملىرىنىڭ يۇرت ـ ماكانىغا بېرىپ كەلدىم، دەيدىغانلارمۇ بار، ھازىر مەملىكىتىمىزدىمۇ تاشقى پلانېتا ئادەملىرىنىڭ يەر شارىدىكىلەرنى تۇتۇپ كەتكەنلىكى توغرىسىدىكى بەزى خەۋەرلەر تارقالدى. شەرقىي شىماللىق بىر ئىنژېنېر ئۆزىنىڭ ئۇچار تەخسىنى كۆرگەنلىكى، شۇنداقلا ئىككى قېتىم ئۇچار تەخسىگە ئولتۇرغانلىقىنى جاكارلىدى. ئۇ ئۇچار تەخسىدە يەر شارىنىڭ تارىختىن بۇرۇنقى مەدەنىيەت ئەھۋالىنى ھەمدە يەر شارىنىڭ كەلگۈسىنى كۆرگەنمىش، نۇرغۇن ئالىملار ئۇنى ئاغزىغا كەلگەننى جۆيلۈۋاتىدۇ، ئويدۇرما، دەپ ھېسابلىدى، ھەتتا بەزىلەر ئۇنىڭ نېرۋىسى جايىدا ئەمەسكەن، دېيىشتى.



## «ئاپوللو 11 ـ نومۇر» نامىلىق ئالەم كېمىسى UFO نى بايقىغانمۇ؟

بىر خەۋەردە «ئاپوللو 11 ـ نومۇر» تۇنجى ئايغا چىقىش سەپىرىدە بىر نامەلۇم ئۇچار جىسىمنى بايقىغان، دېيىلگەن. بۇ خەۋەردە ئۇ ئۇچار جىسىم جانلىق تەسۋىرلەنگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇچار كېمىنى قويۇپ بېرىدىغان «ساتۇرن 5 ـ نومۇر»نى خاتا ھالدا «دېھقانچىلىق ئىلاھى 4 ـ نومۇر» دەپ قالغان، شۇڭا بۇ خەۋەرنىڭ چىنلىقىغا ئىشەنچ يوق. بىز تاشقى پلانېتا ئادىمى ۋە (UFO) نى ئۆز كۆزىمىز بىلەن كۆرمەي تۇرۇپ، ئۇنداق ئاتالمىش ھەقىقىي خەۋەرلەرگە يەڭگىللىك بىلەن ئىشەنمەيمىز.





## «بوغدايلىقتىكى غەلىتە چەمبىرەك» دېگەن نېمە؟

ئۆتكەن ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپ ناھايىتى نۇرغۇن جايلاردىكى ئېتىزلىقلاردا ھەمىشە غەلىتە چەمبىرەكلەر پەيدا بولىدىغان بولۇپ قالدى، بۇ چەمبىرەكلەرنىڭ مۇتلەق كۆپى بوغدايلىقلاردا پەيدا بولغاچقا «بوغدايلىقتىكى غەلىتە چەمبىرەك» دەپ ئاتالدى. بۇ چەمبىرەكلەر چوڭ ـ كىچىك بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەر بۇنى تاشقى پلانېتا ئادەملىرىنىڭ ئۇچار تەخسىلىرى قىلغان دەپ قاراشتى. ئامىسبىرى بازىرىدىكى غەلىتە چەمبىرەكنىڭ سىرى ئاخىرى ئېچىلدى، ئەسلىدە ئىككى رەسسام ئۇچار تەخسىنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا ئوڭايلا ئىشىنىدىغانلارنى ئۇچۇقداپ قويۇش ئۈچۈن مەقسەتلىك قىلغان ئىش ئىكەن. جۇڭگودىكى غەلىتە چەمبىرەكنى ياۋا توڭگوزلار پەيدا قىلغان ئىكەن. باشقا ئەللەردىكى غەلىتە چەمبىرەكنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ئۈستىدە ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلماقتا.







# تەبىئەت ھادىسىلىرىدىكى يېشىلمىگەن سىرلار

## نېمە ئۈچۈن ماگنىت بورىنى ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ؟

ماگنىت بورىنى يەر شارى ماگنىت مەيدانىنىڭ يۆنىلىشى ۋە كۈچىنىشىدە جىددىي ھالدا تەرتىپسىز ئۆزگىرىش يۈز بېرىش ھادىسىسى بولۇپ، ئۇ قىسقا ۋاقىتلىق ھادىسە. ئۇ يۈز بەرگەندە كومپاس يۆنىلىشنى كۆرسىتىش رولىنى يوقىتىدۇ؛ سىمسىز رادىئو ئۈزۈلۈپ قالىدۇ؛ كەپتەرلەر قالايمىقان ئۇچىدۇ. زور كۆپچىلىك ئالىملار ماگنىت بورىنى ھادىسىسىنى قۇياش يۈزىدىكى داغ ئادەتتىن تاشقىرى جانلانغاندا چىقارغان زور مىقداردىكى زەرەتلىك زەررىچىلەر يەر شارى ئەتراپىدىن ئۆتكەندە كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ قارايدۇ. بۇنداق ھادىسىنىڭ قانداق ئۆزگىرىش قانۇنىيىتى بار؟ ئەگەر يەر ماگنىت مەيدانى يوقاپ كەتسە ئىنسانلارغا قانداق تەسىر كۆرسىتىدۇ؟ بۇ ئۈستىدە ئالىملارنىڭ ئىلگىرىلەپ ئىزدىنىشكە توغرا كېلىدۇ.



## نېمە ئۈچۈن ئېل نىنو هادىسىسى يۈز بېرىدۇ؟

پېرونىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىدا دەۋرىيلىك هالدا ئېل نىنو ها-
دىسى يۈز بېرىپ تۇرىدۇ، بۇنداق هادىسىلەرنىڭ يۈز بېرىشى دېڭىز-
ئوكيان جانلىقلىرىنىڭ كۆپلەپ ئۆلۈپ كېتىشىنى كەلتۈرۈپ چىقى-
رىدۇ، پۈتكۈل يەر شارى كىلىماتىنى يامانلاشتۇرىۋېتىدۇ. تەكشۈرۈش-
لەردىن بايقالدىكى، بۇ هادىسە بىر ئىسسىق ئېقىمنىڭ دېڭىز سۈيى-
نىڭ هارارىتىنى ئۆرلىتىۋېتىشىدىن پەيدا بولىدىكەن. بەزىلەر بۇ ها-
دىسە يەر شارىدىكى شەرقىي جەنۇب پاسسات شامىلىنىڭ ئاجىزلىشى-
شىدىن بولىدۇ، دەپ قارىسا، بەزىلەر يەر شارىنىڭ ئۆز ئوقىدا ئايلى-
نىش سۈرئىتىنىڭ ئاستىلىشى بىلەن مۇناسىۋەتلىك بولسا كېرەك،
دەپ قارايدۇ، يەنە بەزىلەر بۇنى دېڭىز - ئوكيان ئەتراپىدىكى يانار
تاغلار لاۋاسىنىڭ دېڭىز - ئوكيانلارغا ئېقىپ كىرىشى پەيدا قىلغان
دەۋاتىدۇ. ئېل نىنو هادىسىسىنى زادى قايسى سەۋەبنىڭ كەلتۈرۈپ
چىقارغانلىقى ئۈستىدە ئىلگىرىلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا
كېلىدۇ.



## كۆرۈنمەس شىددەتلىك ئېقىم قانداق پەيدا بولىدۇ؟

كۆرۈنمەس شىددەتلىك ئېقىم بىرخىل كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان، گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر بۇلۇتىدىن رادىئاتسىيە ھالىتىدە يەر يۈزىگە چۈشۈپ شۇ ھامان تەرەپ - تەرەپكە تارايدىغان شىددەتلىك ھاۋا ئېقىمى بولۇپ، ئۇ گويا ھاۋا بوشلۇقىدىن تۆۋەنگە پۈركەلگەن سۇغا ئوخشىشىدۇ. ئۇ كىچىك كۆلەمدە بولۇپ، ئادەتتە دىئامېتىرى ئۈچ كىلومېتىرچە بولىدۇ. بۇنداق ھاۋا ئېقىمىنىڭ كۈچى ئىنتايىن زور بولۇپ، دەل - دەرەخ، ئۆيلەرنى ئۆرۈۋېتەلەيدۇ ھەتتا ئايروپىلاننى ھاۋا بوشلۇقىدىن چۈشۈرۈۋېتەلەيدۇ. ھازىر ئالىملار ئۇنىڭ پەيدا بولۇش قانۇنىيىتىنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ، ئەمما ھازىرغىچە چوڭ ھاسىلاتقا ئېگە بولالمىدى.







## كۆرۈنمەس بولۇت بارمۇ؟

ئالىملار بىر خىل يوشۇرۇن ھالەتتىكى بولۇتنى بايقىغان، بۇنداق بولۇتنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدىكەن، رادارلىق كۆزىتىش ئەسۋابى بىلەن ئېنىق كۆرگىلى بولىدىكەن. بۇ بولۇت سۈزۈك بولۇت دەپمۇ ئاتىلىدىكەن، ئۇ ئىنتايىن كىچىك مولېكۇلىلاردىن تۈزۈلگەچكە نۇر قايتۇرمايدىكەن، شۇڭا ئۇنى كىشىلەر كۆرەلمەيدىكەن. ئالىملار تەتقىقات ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئاساسلىقى يانار تاغ پارتلىغاندىكى مىكرو زەررىچە چاڭ - توزاندىن كەلگەنلىكىنى، يۇقىرى تېمپېراتۇرىنىڭ تەسىرىدە 1200 ~ 3500 مېتىرلىق ئېگىز بوشلۇقتىلا پەيدا بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. ھازىر بىزنىڭ بۇ بولۇت ئۈستىدىكى چۈشەنچىمىز ئىنتايىن ئاز، ئۇنىڭ ئۆزگىرىش جەريانى ۋە كونكرېت شەكىللىنىش قائىدىلىرى يەنىلا بىر سىر.



## نېمە ئۈچۈن كىلىمات ئىللىپ كەتتى؟

كىشىلەر يېقىنقى نەچچە ئون يىلدىن بېرى پۈتۈن يەر شارى كىلىماتىنىڭ ئىللىپ تېمپېراتۇرىنىڭ ئۈزلۈكسىز ئۆرلەپ كېتىۋاتقانلىقىنى بايقىدى، بەزىلەر بۇنى ئاتموسفېرا پارنىك ئېففېكتى پەيدا قىلغان، مۇنداقچە ئېيتقاندا، ئاتموسفېرادىكى كاربون (IV) ئوكسىدى قويۇقلۇقىنىڭ كۈندىن كۈنگە ئۆرلىشى بىلەن ئىسسىقلىق يەر يۈزى ئەتراپىغا يىغىلىپ قېلىپ تارقىلىپ كېتەلمىگەنلىكتىن بولغان، دەۋاتىدۇ؛ لېكىن يەنە نۇرغۇن كىشىلەر بۇ قاراشقا قوشۇلمايدۇ. بەزىلەر بۇ كاربون (IV) ئوكسىدىنىڭ ئاز - كۆپلىكى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، بۇنى ئاتموسفېرادىكى 30 خىلدىن ئارتۇق مىكرو گاز جىسىم پەيدا قىلغان، دەپ قارايدۇ؛ بەزىلەر بۇنى يەر پوستىنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدىكى تاغ ھاسىل بولۇش ھەرىكىتى پەيدا قىلغان، دەپ قارايدۇ؛ يەنە بەزىلەر بولارنىڭ ھەممىسىنى ئېل نىنو ھادىسىسى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەيدۇ، ھازىر ئوخشاشمايدىغان قاراشتىكىلەر ھەممىشە تالاش - تارتىش قىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ، زادى قايسى قاراشنىڭ توغرىلىقى ئۈستىدە ئالىملارنىڭ ئىلگىرىلەپ تەتقىقات ئېلىپ بېرىشىغا توغرا كېلىدۇ.



## يەر نۇرى قانداق پەيدا بولىدۇ؟

يەر تەۋرەشنىڭ ئالدى ـ كەينىدە دائىم قىزىل يېشىل، كۆك، ئاق قاتارلىق رەڭلەردە يەر نۇرى پەيدا بولىدۇ، ئۇلارنىڭ شەكىللىرى ئاساسەن: چاقماقسىمان، تاسماسىمان، شارسىمان، سىلىندىرسىمان، چېچىلغان نۇر ھالىتىدە بولىدۇ. بەزىلەر يەر نۇرى يەر تەۋرىگەندە يەر جىنسلىرىنىڭ نىسبىي ھەرىكىتى ھاسىل قىلغان سۈركىلىشتىن پەيدا بولىدىغان نۇر چېچىش ھادىسىسى دەيدۇ. لېكىن بۇ قاراش پەقەت يەر يۈزىدىكى يەر نۇرى ھادىسىسىنىلا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ، بوشلۇقتىكى يەر نۇرى ھادىسىسىنى ئىزاھلاپ بېرەلمەيدۇ؛ بەزىلەر يەر ئاستى سۈيى بېسىلغاندا يۇقىرىغا ئۆرلەيدۇ، بۇنىڭ بىلەن يۇقىرى ۋولتلىق ھەرىكەتچان توك بېسىمى ھاسىل بولۇپ، بىر خىل زەرەت قويۇپ بېرىش ھادىسىسى يۈز بېرىدۇ، دەيدۇ. لېكىن بۇ قاراش بوشلۇقتىكى يەر نۇرى ھادىسىسىنىلا چۈشەندۈرۈپ بېرەلەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر بۇ يەر پوستى پەيدا قىلغان ھىدروگېن كەلتۈرۈپ چىقارغان زور كۆلەملىك زەرەت قويۇپ بېرىش ھادىسىسى دەيدۇ، بۇ قاراشمۇ بارلىق يەر نۇرى ھادىسىسىنى چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيدۇ. شۇڭا يەر نۇرىنىڭ شەكىللىنىشىدىكى ھەقىقىي سەۋەبىنى چۈشىنىش ئۈچۈن يەنىمۇ چوڭقۇر تەتقىقات ئېلىپ بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.



## نېمە ئۈچۈن يەر تەۋرەشتىن ئىلگىرى ھايۋاناتلاردا غەيرىي ئەھۋاللار كۆرۈلىدۇ؟

ئازاتلىقتىن كېيىن ئېلىمىزدە يۈز بەرگەن نەچچە قېتىملىق قاتتىق يەر تەۋرەشتىن ئىلگىرى ھايۋاناتلاردا غەيرىي ئەھۋاللار كۆرۈلدى، چوشقىلار قوتاندا قالايمىقان پىتىراپ، توخۇلار قالايمىقان ئۇچۇپ، ئىتلار قاۋاپ، ئات ـ كالىلار ئۇركۇپ تىنىم تاپمىدى. ئالىملار ھايۋاناتلارنىڭ يەر تەۋرەشتىن ئىلگىرىكى غەيرىي ئەھۋالى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، مۇئەييەن نەتىجىلەرگە ئېرىشتى. بەزى ئالىملار ھايۋاناتلارنى ئوپېراتسىيە قىلىپ كۆرۈپ، ھايۋاناتلارنىڭ بەزى سەزگۈ ئەزالىرىنىڭ فىزىئولوگىيىلىك ياكى خىمىيىلىك ئۆزگىرىشلەرگە، ئالايلۇق، يەر تەۋرەشتىن ئىلگىرىكى ئېلېكترىك، ماگنىتلىق ھادىسىلەر، ئاۋاز، نۇر، ئىسسىقلىق، تەۋرىنىش قاتارلىقلارغا ئىنتايىن سەزگۈرلىكىنى بايقىدى. مانا بۇلار ئۇلاردا غەيرىي ئىنكاس پەيدا قىلىدىكەن. ھايۋاناتلارنىڭ يەر تەۋرەشتىن بەرگەن ئالدىن مەلۇماتىنىڭ قانۇنىيەتلىرىنى ئىمكانقەدەر تېز ئىگىلەشنى ئۈمىد قىلىمىز.



## نېمە ئۈچۈن شارسىمان چاقماق چاقىدۇ؟

خۇددى چوڭ ئوت شارىغا ئوخشىشىدىغان بىرخىل چاقماق بار. ئۇ چېقىلغاندا نۇر چاچىدۇ، ھەر تەرەپكە ئۇچۇپ يۈرىدۇ، مولدۇلاقلايدۇ، يەنە پارتلىيالايدۇ، كىشىلەر ئۇنى شارسىمان چاقماق دەپ ئاتايدۇ. نۇرغۇن ئالىملار ئۇنى «تۇتۇۋېلىپ» تەتقىق قىلماقچى بولۇشتى. بىر ئالىم شارسىمان چاقماق بىلەن ئۇچراشقان ھاۋانى يىغىۋېلىپ، بۇ ھاۋادا ئوزون ۋە ئازوت دىئوكسىدى مىقدارىنىڭ ناھايىتى يۇقىرىلىقىنى بايقىدى. شۇڭا ئالىملار بۇ چاقماقنىڭ ئاساسەن ئوزوندىن ھاسىل بولغانلىقىنى، بۇنداق ئوت شارى پارتلىغاندا ئازوت دىئوكسىدى پەيدا قىلىدىغانلىقىنى مۆلچەرلىدى. لېكىن بەزىلەر بۇ قاراشقا قوشۇلمايدۇ.







## «قۇمدىكى ئاۋاز» قانداق پەيدا بولىدۇ؟

نۇرغۇن جايلاردا ئاۋاز چىقىرىدىغان قۇم دۆۋىلىرى بار. ئەگەر بارخان چوققىسىدىن تۆۋەنگە سىيرىلسىڭىز قۇم ئۇزلۇكسىز ئاۋاز چىقىرىدۇ، بەزىسى ھەتتا ھەرخىل مۇزىكىلارنىڭ ئاۋازىغا ئوخشاپ كېتىدۇ. بەزىلەر قۇملار ئارىسىدا ھاۋا بولىدۇ، بۇ ھاۋا تىنىماي ھەرىكەتلىنىش جەريانىدا تاۋۇش رېزونانىسى پەيدا قىلىدۇ، شۇڭا قۇمدىن ئاۋاز چىقىدۇ، دەپ ھېسابلايدۇ؛ يەنە بەزىلەر قۇمدا ھەرە كۆنەكىدەك كاۋاكچىلار بار، شامال قۇملار ئۇستىدىن ئۆتكەندە بۇ كاۋاكچىلار ئۆز ئارا سۈركىلىپ ئاۋاز چىقىرىدۇ، دەيدۇ. ئۇنىڭدىن باشقىچە قاراشلارمۇ بار، لېكىن بىرمۇ ئېنىقراق جاۋاب يوق.





## نېمە ئۈچۈن « خوراز ئازگىلى» دىن خورازنىڭ چىللىغىنى ئاڭلىنىدۇ؟

ئېلىمىزنىڭ خېنەن ئۆلكىسىنىڭ دىڭفېڭ ناھىيىسىدە «خوراز ئازگىلى» دەيدىغان بىر جاي بار. كىشىلەر بۇ يەردە تۇرۇپ چاۋاك چالسىلا خوراز چىللىغاندەك ئاۋاز ئاڭلىنىدۇ. ناۋادا چاۋاك ئاستا چېلىنسا، چۆجىنىڭ ئاۋازىدەك ئاڭلىنىدۇ، چاۋاك قاتتىق چېلىنسا، خورازدەك چىللايدۇ، كىشىلەر بۇ يەردە يۇقىرى ئاۋازدا ۋارقىرىسا ئەكس سادا يانمايدۇ، پەقەت چاۋاك چالسىلا يانىدۇ. ھازىر كىشىلەر «خوراز ئازگىلى» دىكى بۇ ئاۋازنىڭ سەۋەبىنى تېخىچە بىلەلمىدى. ئەكس سادا نېمە ئۈچۈن شۇنداق بولىدىغانلىقىنىمۇ ئاڭقىرالمىدى.







## شىمالىي كەڭلىك 30° ھەقىقەتەن شۇنچە سىرلىقمۇ؟

نۇرغۇن كىشىلەر شىمالىي كەڭلىك 30° ناھايىتى سىرلىق، شۇڭا ئۇ يەردە ئايروپىلان ۋە پاراخوتلار دائىم ھادىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ دەيدۇ. شىمالىي يېرىم شاردىكى مەشھۇر دەريالار شۇ يەردە دېڭىزغا قۇيۇلىدۇ، ئۇ يەردە يەنە نۇرغۇن مەشھۇر تاغ تىزمىلىرى بار، ئېھراملار، سفىنكس، بېرمۇدا دېلتىسىمۇ شۇ يەردە، شۇڭا نۇرغۇن كىشىلەر شىمالىي كەڭلىك 30° ئادەتتىكى جاي ئەمەس ھەمدە تاسادىپىي توغرا كېلىپ قالغانلىقمۇ ئەمەس، ئۇ يەردە چوقۇم بەزى سېھرىي كۈچ مەۋجۇت، شۇڭا شۇنداق ئەھۋاللار يۈز بېرىدۇ، دېگەنلەرنى ئوتتۇرىغا قويىدۇ. لېكىن بەزىلەر بۇ كەڭلىك گرادۇسى بىلەن مۇناسىۋەتسىز، ھەربىر كەڭلىك گرادۇسىنىڭ ئۆزىگە تۇشلۇق غەيرىيلىكى بار، دەپ ھېسابلايدۇ.



## نىمە ئۇچۇن تاش ئۇستىدىمۇ گۈل ئېچىلىدۇ؟

ئېلىمىزنىڭ تەيشەن تېغىدىكى كۆرگەزمىخانىدا ھەم چوڭقىيالايدىغان، ھەم گۈل ئېچىلىدىغان بىر تاش بار، بۇ تاشنىڭ ئېگىزلىكى 30 ~ 40 سانتىمېتىرچە بولۇپ، ئۈچ يىلدا ئالتە سانتىمېتىرچە چوڭقايغان، بۇ قارا تاشنى بىر بوۋاي تاغ باغرىدىن تېپىۋېلىپ ئۆيىنىڭ بۇلۇڭىغا قويۇپ قويۇپتۇ. ئۇزاق ئۆتمەي بۇ كىشى تاشنىڭ چوڭقىيىپ قالغانلىقىنى، يەنە ئۇستىدە جىگەر رەڭ گۈل ئېچىلىپ قالغانلىقىنى، ئېچىلغان گۈل توزىغاندىن كېيىن، يەنە بىر قات يېڭى تاش ھاسىل بولغانلىقىنى بايقاپتۇ. ئالىملار بۇنى ھاك تاشنىڭ ھاۋادىكى سۇ تەركىبى ئارقىلىق پارچىلىنىشىدىن ھاسىل بولغان دەيدۇ، ۋەھالەنكى، بۇنىڭغا قوشۇلمايدىغان قاراشلارمۇ بار.



## تاش نېمە ئۈچۈن ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرەلەيدۇ؟





ئېلىمىزنىڭ ۋۇلىڭ تاغلىق رايوندىكى تۇجيازۇ ـ مياۋزۇ ئاپتونوم ناھىيىسى تەۋەسىدە ھاۋارايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرىدىغان بىر تاش بار. بۇ تاش يۇمىلاق بولۇپ، دىئامېتىرى 120 سانتىمېتىر، قېلىنلىقى 20 سانتىمېتىر كېلىدۇ. ئۇنىڭ سىرتى كۈمۈش رەڭ، پارقىراق بولۇپ، مەيلى ھاۋا ئوچۇق ياكى يامغۇرلۇق بولسۇن، ئۈچ كۈن ئاۋۋال ئوخشاشمىغان ئاۋاز چىقىرىدىكەن. كىشىلەر ئاۋازدىكى پەرققە قاراپ ھاۋارايىدىكى ئۆزگىرىشكە ھۆكۈم چىقىرىدىكەن. ھاۋا رايىدىن ئالدىن مەلۇمات بېرەلەيدىغان بۇ تاش كىشىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئەمگىكى ۋە ئويان ـ بۇيان بېرىشىغا قولايلىق يارىتىپ بېرىدىكەن، بىراق ئۇنىڭ «خىزمەت» قائىدىسى ھازىرغىچە بىر سىر ئىكەن.

## بىلگىيىدىكى سىرلىق ئاۋازنىڭ مەنبەسى قەيەر؟



بىلگىيىنىڭ دېڭىز بويى رايونلىرىنىڭ ئاسمىنى ئادەتتە سۈپسۈزۈك بولىدىكەن، لېكىن تۇيۇقسىز تۇمان قاپلاپ كەتكەندە كىشىلەر غەلىتە بىر ئاۋازنى ئاڭلايدىكەن، مانا بۇ، مەشھۇر «بىلگىيىدىكى سىرلىق ئاۋاز» ئىكەن.

ئاۋاز چىقىدىغان بۇ جاينىڭ مەركىزىدە ئاۋاز ئاڭلانماي، مەركەزدىن 100 كىلومېتىر نېرىدا ئاڭلىنىدىكەن. نۆۋەتتە، نۇرغۇن ئالىملار بۇ ئاۋازنىڭ مەنبەسىنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. كىشىلەرنىڭ غۇلغۇلىسى كۆپ بولسىمۇ، ئەمما هازىرغىچە بىردەك پىكىر يوق.



## نېمە ئۈچۈن تاش تۇخۇم تۇغالايدۇ؟

گۈيجۇنىڭ جەنۇبىدىكى سەندۇ شۈيزۇ ئاپتونوم ناھىيىسىنىڭ ناھىيە بازىرىدا بىر تىك قىيا بار، ناھىيە تەزكىرىسىدە خاتىرىلىنىشىچە، بۇ يەردىكى تاشتىن ھەر ئوتتۇز يىلدا بىر سىلىق تۇخۇمسىمان تاش پەيدا بولۇپ قالىدىكەن. بۇ يەر كارست يەر شەكلىگە تەۋە بولۇپ، ئاساسلىقى كاربونات تۈرىدىكى تاغ جىنسلىرى، سىلىتسىيلىق قۇم تاش، سېغىز توپىلىق سىلانتېس، لاتقىلاشقان قورام تاش قاتارلىقلاردىن تەركىب تاپقانىكەن. ئالىملار تەتقىق قىلىش ئارقىلىق تۇخۇمسىمان تاش كاربون (IV) ئوكسىدلىق سۇ سۈمۈرىدىغان تاغ جىنسىمى ئىكەن، دېگەن نەتىجىگە ئېرىشتى، لېكىن نېمە ئۈچۈن 30 يىلدا بىرنى «تۇغىدۇ»؟ بەزى ئالىملار بۇنى ئالەملىك تارتىشش كۈچى كەلتۈرۈپ چىقارغان، دەپ قارايدۇ، بىراق ئالەملىك تارتىشش كۈچىنىڭ قانداق رول ئويىنىغانلىقىنى بىلىدىغان ئادەم يوق.





## نېمە ئۈچۈن كىچىك ئارال ئادەملىرىنىڭ بويىنى ئۆستۈرەلەيدۇ؟



كارىب دېڭىزىدا بىر سىرلىق كىچىك ئارال بار. بۇ ئارالدا 1948 ـ يىلدىن باشلاپ ياشىغان ئادەملەرنىڭ بويى ئۆسۈپ، ئەرلەر ئوتتۇرىچە بىر مېتىر 90 سانتىمېتىرغا يېتىپ، ئاياللار بىر مېتىر 74 سانتىمېتىردىن ئېشىپ كېتىپتۇ. ئارالدىكى نۇرغۇن ھايۋانلار ئادەتتىكى ھايۋانلاردىن سەككىز ھەسسە چوڭ بولۇپ، چاشقان مۈشۈكتەك كېلىدىكەن. ھالبۇكى، باشقا جايدىن كېلىپ بۇ يەردە بىر مەزگىل ئولتۇراقلاشقان كىشىلەرنىڭ بويىمۇ ئۆسۈپ قالىدىكەن، بۇنىڭدىن خەۋەر تاپقان كۆپلىگەن ئالىملار تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىپ نۇرغۇن پەرەز ۋە قىياسلارنى ئوتتۇرىغا قويغان، لېكىن ھېلىھەم توغرا جاۋاب تاپالمىغان. بۇ ئۆسۈش سىرىنىڭ تېزرەك يېشىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.



## نېمە ئۈچۈن ياپون تاقىم ئاراللىرى بۇرۇلىدۇ؟

XX ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن بۇيان ئالىملار يۇقىرى تېخنىكىلىق ۋاسىتىلەر ئارقىلىق ئۆلچەش ئېلىپ، ياپون تاقىم ئاراللىرىنىڭ ئورنىدا ئۆزلۈكسىز ئۆزگىرىپ بولۇۋاتقانلىقىنى بايقىغان. ئەسلىدە ياپون تاقىم ئاراللىرىنىڭ غەربىي جەنۇب قىسمى چاۋشيەن يېرىم ئارىلى بىلەن كيۇسيۇ ئوتتۇرىسىدىكى بىر نۇقتىنى مەركەز قىلاتتى. 1 مىليون يىل ۋاقىت ئىچىدە ئۇ سائەت ئىسترېلكىسىنىڭ يۆنىلىشى بويىچە ياۋروپا ـ ئاسىيا چوڭ قۇرۇقلۇقىغا قاراپ 47° بۇرۇلۇپ، بۇرالغان قىسمىنىڭ ئەڭ شەرقىدىكى بۆلىكى 600 كىلومېتىر يۆتكىلىپتۇ. ھازىر كىشىلەر بەزى كىچىك ئاراللارنىڭ بۇرۇلۇشىنىڭ سىرىنى تەتقىق قىلىپ ئىلگىرىلەشلەرگە ئېرىشىپتۇ. لېكىن ياپون تاقىم ئاراللىرىدەك بىر چوڭ ئارالنى قانداق كۈچنىڭ بۇراۋاتقانلىقىنى تېپىپ چىقىش ئۈچۈن ئالىملارنىڭ ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىشىغا توغرا كېلىدۇ.





## بۆرە ئادەم بۆرىنىڭ تىلىنى قانداق ئۆگەنگەن؟



ئامېرىكىدا ئىزابېل ئىسىم-
لىك بىر ئايال بار، ئۇ تۇغۇلۇپ
ئۇزاق ئۆتمەي ئالياسكا تېغىنىڭ
جىلغىسىغا تاشلىۋېتىلگەن، كېيىن
بىر چىشى بۆرە ئۇنى بېقىپ چوڭ
قىلغان، ئۇ 10 ياشقا كىرگەندە
ئوۋچىلار ئۇنى ئادەملەر ئارىسىغا قاي-
تۇرۇپ كەلگەن، بىراق ئىزابېلنىڭ
بارلىق ئادەتلىرى بۆرىنىڭكىگە ئوخشاش بولۇپ، ئۇ بۆرىنىڭ تىلىنى
ئۇقىدىكەن، يەنە بۆرىگە ئوخشاش تۆت پۇتلۇق بولۇپ ئۇچقاندەك يۈگ-
رەيدىكەن ھەمدە يېمەكلىكلەرنى خام پېتى يېيىشكە ئامراقكەن،
ئۇنىڭ ئۇستىگە ئادەملىك خۇسۇسىيەتلىرى يوقاپ كەتكەنىكەن. كى-
شىلەر دائىم چىشى بۆرىنىڭ تاشلىۋېتىلگەن بوۋاقنى باققانلىقى توغ-
رىسىدىكى ھېكايىلەرنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، لېكىن چىشى بۆرە تاشلىۋې-
تىلگەن بوۋاق بىلەن
قانداق ئالاقە قىلىدۇ؟
بوۋاق بۆرىنىڭ سۆزىنى
تەدرىجىي ئۆگەنگەنمۇ
ياكى «بىر - بىرىگە بې-
قىنىش» سەۋەبلىك
بوۋاق بۆرىنىڭ قەلبى-
نى چۈشەنگەنمۇ؟ كى-
شىلەر بۇلار ئۇستىدە
ئىزدەنمەكتە.



## نېمە ئۈچۈن كۆچمە قۇم ماشىنىنى يۇتۇۋېتىدۇ؟

بىر ماشىنا قۇملۇققا خاتا كىرىپ قېلىپ تۇيۇقسىز قۇمغا پېتىپ ئاستا ـ ئاستا قۇم ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، بەزى گېئولوگ-لارنىڭ چۈشەندۈرۈشىچە، كۆچمە قۇمنىڭ ئاپتوموبىلنى يۇتۇۋېتىشى يەر ئاستىدىكى يۇقىرىغا ئۆرلەۋاتقان سۇ ئېقىمى بىلەن مۇناسىۋەت-لىك ئىكەن. سۇ ئېقىمى قۇم دانچىلىرىنى يۇقىرىغا ئۆرلەتكەندە ئېغىر جىسىملارنى كۆتۈرۈپ تۇرالمايدىكەن، شۇڭا بۇ جىسىملار چۆكۈپ كېتىدىكەن. بۇنداق چۈشەندۈرۈش ھەممە ئادەمنىڭ ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ كېتەلمىدى.





## نېمە ئۈچۈن بۇ يەردە بەزى جانىۋارلار ياشىيالمايدۇ؟



پولشىنىڭ پايتەختى ۋارشاۋا ئەتراپىدا بىر ئالۋاستى ماكان بار بولۇپ، ئۇ يەردە چوشقا، ئىت قاتارلىق ھايۋانلاردا بېشى قېيىش ھادىسىسى كۆرۈلىدىكەن، بىراق مۈشۈك، ئۇچار قۇشلار ۋە يىلان قاتارلىق ئۈششاق جانىۋارلار بىر ئوبدان ياشىيالايدىكەن. ھازىر كىشىلەر بۇ جاينىڭ سىرى ئۈستىدە ئىزدىنىۋاتىدۇ.



## تۇيۇقسىز چۈشكەن قار پومى نەدىن كەلگەن؟



ئامېرىكىنىڭ بىر شەھىرىدە بىر ئائىلىدىكىلەر تېلېۋىزور كۆ-رۈۋاتقاندا بىر كاللەك قار ئۆگزىسىدىن ئۆيگە چۈشۈپ تورۈستىن يوغان بىر تۆشۈك ئېچىپ قويۇپتۇ، تەكشۈرۈپ كۆرسە ئۇ راستىنلا پومدالغان قار ئىكەن. ئۇ كۈنى ھاۋا ئوچۇق بولغاچقا، بۇ قارنىڭ زادى نەدىن كېلىپ قالغانلىقىنى ھېچكىم بىلەلمەپتۇ.



## نېمە ئۈچۈن گىگانت تاش ئاۋاز چىقىرالايدۇ؟

ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىدىكى قۇملۇقتا بىر گىگانت تاش بار، ھەر قېتىم تېپتىنچ ئايدىڭ كېچە بولغاندا شۇ جايدىكى ھىندىئانلار گىگانت تاشنىڭ يېنىغا گۇلخان ياقىدۇ، بۇ ۋاقىتتا گىگانت تاش يېقىملىق مۇزىكا ئاۋازى چىقىرىدۇ. شۇ يەردىكى ھىندىئانلار بۇ گىگانت تاشقا «ئىلاھ تاش» سۈپىتىدە چوقۇنىدۇ، لېكىن ھېچكىم بۇ تاشنىڭ ئاۋاز چىقىرىشىدىكى سەۋەبنى بىلەلمىدى.



## نېمە ئۈچۈن يەر قەرەللىك نۇر چاچىدۇ؟

ئېلىمىزنىڭ شېنوڭجا رايونىدىكى لاۋجۈنشەن تېغىدا بىر ئاجايىپ جاي بار. ھەر يىلى فېۋرال ۋە ئاۋغۇست ئايلىرىنىڭ ھاۋا ئوچۇق كۈنلىرى چۈش مەزگىلىدە ئۇ يەردىن كۈچلۈك ئاق نۇر تارىلىدۇ، ئاق نۇر كۆزنى بەك چاققاچقا، كىشىلەر تىكىلىپ قارىيالمايدۇ. ھەر قېتىملىق نۇر چاقناش ئىككى-ئۈچ مىنۇت داۋاملىشىدۇ. بۇ نۇر ئۇدۇلدىكى 200 مېتىر يىراقلىقتىكى تاغنى قۇياش نۇرىدىنمۇ بەك يورۇتۇۋېتىدۇ. ھازىر بۇ يەرگە پەلەمپەي ئېتىزلار ياسالغان بولسىمۇ، يەنىلا نۇر تارىلىۋاتىدۇ. بۇ نۇرنى يەرلىك ئاھالە كۆرگەن بولسىمۇ ھېچكىم بۇ سىرلىق ھادىسىنى چۈشەندۇرۇپ بېرەلمەيدۇ.



## سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك قانداق پەيدا بولغان؟



سېرىق توپىلىق ئېگىزلىك مەملىكىتىمىزدىكى ئەڭ تىپىك، ئەڭ مەركەزلەشكەن سېرىق توپىلىق رايون. بەزىلەر سېرىق توپا تاغ جىنسلىرىنىڭ سۇدا چايقىلىشى ۋە قۇياش نۇرىدا يېمىرىلىشى ئارقىلىق پەيدا بولغان دەيدۇ؛ بەزىلەر قۇمساز زونادىكى سېرىق قۇمنى بوراننىڭ ئۇچۇرۇپ كېلىشى بىلەن پەيدا بولغان دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر سۇ ئېقىنىنىڭ زەرب بىلەن ئۇرۇلۇشىدىن پەيدا بولغان دەيدۇ. سېرىق توپىلىق ئېگىزلىكنىڭ زادى قانداق پەيدا بولغانلىقى ئۈستىدە يەنىلا ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىشىمىزغا توغرا كېلىدۇ.

## نېمە ئۈچۈن «ماماتلىق جىلغىسى» پەيدا بولغان؟

ئىتالىيىنىڭ ناپلىس شەھىرىنىڭ ئەتراپىدا مەخسۇس ھايۋانلار-نى جېنىدىن جۇدا قىلىدىغان بىر «ماماتلىق جىلغىسى» بار. بۇ جىل-غىدا ئاز دېگەندىمۇ 30 مىڭ تۇياق ھايۋانات جېنىدىن ئايرىلغانىكەن. لېكىن جىلغىغا ئادەم كىرسە خەتەرگە يولۇقمايدىكەن. ئامېرىكىدىكى بىر جىلغا دەل بۇنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، ئۇ مەخسۇس ئادەمنى ئۆلتۈ-رۈپ، ھايۋاناتقا ھېچقانداق خەۋپ كەلتۈرمەيدىكەن. بۇ جىلغىنى ھايۋا-ناتلارنىڭ شاتلىق باغچىسى دېيىشكە بولىدىكەن. لېكىن بەزى كىشى-لەر بۇ يەرگە كىرىپ قالسىلا جېنىدىن ئايرىلىدىكەن، ھەتتا ئۇلارنىڭ جەسىدىنىمۇ تاپقىلى بولمايدىكەن، ئالىملار ئۇلار ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ. بۇ ئىككى «ماماتلىق جىلغىسى» نىڭ سىرىنىڭ بالدۇرراق ئېچىلىشىنى كۈتۈشكە توغرا كېلىدۇ.



## نېمە ئۈچۈن چاقماق ئادەم بەدىنىدە سۈرەت قالدۇرىدۇ؟







1957 ـ يىلى ئامېرىكىدىكى بىر چارۋىچىلىق مەيدانىنىڭ ئايال ئىشچىسى گۈلدۈرماملىق يامغۇردا ئىش قىلىۋاتقاندا تۇساتتىن چېقىلغان چاقماقنىڭ زەربىسىگە ئۇچراپ ھوشىدىن كېتىدۇ. ھوشىغا كەلگەندە كۆكرىكىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ، كىيىمنى يېشىپ قارىسا، مەيدىسىدە بىر كالىنىڭ سۈرىتى پەيدا بولۇپ قاپتۇ. ئالىملار ئۇنىڭ بەدىنىنى تەكشۈرۈپ كۆرۈپ نۇرغۇن گۇمانلارنى ئوتتۇرىغا قويدى، بەزىلەر بۇنى سىرلىق شارسىمان چاقماق پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن، دېسە، يەنە بەزىلەر ئەينى چاغدىكى ھاۋادا بار بولغان ئالاھىدە ماددا پەيدا قىلغان بولۇشى مۇمكىن دەپ قارىدى. بىراق بۇ سۈرەتنىڭ كونكرېت شەكىللىنىشىگە دائىر پاكىتنى ھېچكىم ئېيتىپ بېرەلمىدى.

## نېمە ئۈچۈن «ئىسكىلىت دېڭىز ساھىلى» دا باشسىز جەسەتلەر پەيدا بولۇپ قالغان؟

نامىبى قۇملىقى بىلەن ئاتلانتىك ئوكياننىڭ سوغۇق سۇ دائىرىسى ئارىلىقىدا كۈمۈش رەڭ قۇملۇق بار، كىشىلەر ئۇنى «ئىسكىلىت دېڭىز ساھىلى» دېيىشىدۇ. 500 كىلومېتىر ئۇزۇنلۇقتىكى بۇ دېڭىز ساھىلى ناھايىتى خەۋپكە تولغان بولۇپ، ھەمىشە پاراخوتلار ھادىسىسىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. 1943 - يىلى بىرەيلەن بۇ ساھىلدا قاتار يانقۇزۇپ قويۇلغان 12 دانە باشسىز ئادەم جەسىتىنى، ئۇنىڭ يېنىدا يەنە بىر بالىنىڭ جەسىتىنى بايقىدى. ئالىملار بۇ جەسەتلەرنى تەكشۈرۈپ كۆرگەن بولسىمۇ تالاپەتكە ئۇچرىغانلارنىڭ كىملىكىنى بىلەلمىدى. ئۇلارنىڭ بېشىنىڭ نېمە ئۈچۈن كېسىپ تاشلانغانلىقىنى تېخىمۇ بىلەلمىدى.



## چاڭبەيشەن تېغىدىكى تيەنچى كۆلىدە راستىنلا «سۇ ئالۋاستىسى» بارمۇ؟

100 نەچچە يىلدىن بېرى ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر چاڭبەيشەن تېغىدىكى تيەنچى كۆلىدە «سۇ ئالۋاستىسى» بار دېيىشىپ يۈرگەنىكەن. بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «سۇ ئالۋاستىسى» نىڭ بېشى كالىنىڭ بېشىدىنمۇ چوڭ، بويىنى ناھايىتى ئۇزۇنىكەن؛ بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە «سۇ ئالۋاستىسى» نىڭ بېشى چوڭ، بەدىنى بېغىر رەڭ ئىكەن؛ يەنە بەزىلەرنىڭ ئېيتىشىچە، «سۇ ئالۋاستىسى» نىڭ بېشى چوڭ، بەدىنى ئۇزۇن، تۇخۇم سېرىقى رەڭگىدە ئىكەن. نۇرغۇن كىشىلەر «سۇ ئالۋاستىسى» ئەزەلدىن بولمىغان، دەپ قارايدىكەن؛ بۇ كۆلنىڭ پەيدا بولغىنىغا ئارانلا نەچچە يۈز يىل بولغان، جانلىقلارنىڭ ئۆزگىرىشى ئۈچۈن بولسا نەچچە ئونمىڭلىغان يىللار كېتىدۇ. ھالبۇكى، ھايۋاناتلار ئوزۇقلىنىشى كېرەك، بىراق بۇ كۆلدە پەقەت بەزى مىكرو جانلىقلارلا بار، بۇلار «سۇ ئالۋاستىسى» نى ئەسلا باقالمايدۇ. شۇنداق تۇرسا قانداقسىگە ناھايىتى نۇرغۇن كىشىلەر «سۇ ئالۋاستىسى» نى كۆرگەن بولىدۇ؟ ئۇلارنىڭ كۆرگىنى زادى نېمە؟



## «تومۇزدىكى مۇز ئۆڭكۈر» قانداق ئىش؟



ئىلىمىزنىڭ خۇبېي ئۆلكىسىدىكى ۋۇفېڭ تۇجيا ئاپتونوم ناھىيىسىدە بىر «تومۇزدىكى مۇز ئۆڭكۈر» بار. بۇ ئۆڭكۈردە يازدا قېلىن مۇز تۇتۇپ كىشىلەر ئۆڭكۈردە تۇرالمىغۇدەك قاتتىق سوغۇق بولىدۇ؛ قىشتا ھاۋا ئىسسىپ ئۆڭكۈر ئالدىدا يومران ئوت - چۆپلەر ئۆسىدۇ. تاغ باغرىدا ئولتۇرۇشلۇق كىشىلەر دائىم بۇ يەردە پۇرچاق ئۇندۇرمىسى ئۆستۈرىدۇ. بۇ ئۆڭكۈرنىڭ تېمپېراتۇرىسى تەبىئەتنىڭ قانۇنىيەتلىرىنىڭ ئەكسىچە بولۇپ، نۇرغۇن ئالىملار بۇنى تەتقىق قىلىۋاتىدۇ. لېكىن ئۇنىڭدىكى سىرنى ھېلىھەم بىلىدىغان ئادەم يوق.

## نېمە ئۈچۈن غار ئادەمنى ساراسىمىگە سالىدۇ؟

سىبىرىيىدە ئادەمنى ھودۇقتۇرۇپ ساراسىمىگە سالىدىغان كاسكولاك دېگەن غار بار. كىشىلەر بۇ غارغا كىرسىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ساراسىمىگە چۈشۈپ قالىدۇ، ھەتتا بەزىلەر بۇنداق پسىخىك بېسىمگە بەرداشلىق بېرەلمەي كىرە - كىرمەيلا ئالاقزادە بولۇپ قېچىپ چىقىدۇ. بەزى ئېكسپېدىتسىيىچىلەر غاردا ئوتتۇرا ياشلىق پېرىخون سىياقىدىكى رەسىمنى كۆرۈپتۇ. ئالىملار بولسا، غاردا ماگنىتلىق ئەسۋابلارنىڭ لىپىلدەپ بىر ئىزدا تۇرالماي بىر مۇقىم تۆۋەن چاستوتىلىق ئىمپۇلسنىڭ بارلىققا كەلگەنلىكىنى سېزىپتۇ، ھەمدە بۇ ئىمپۇلس كىشىلەرنى پسىخىك ۋە فىزىئولوگىيىلىك جەھەتتىن جىددىيلەشتۈرۈۋەتكەن، دەپ ھۆكۈم قىلىپتۇ، بىراق كىشىلەر غارنى تىنتىپمۇ بۇنداق ئىمپۇلس پەيدا قىلىدىغان قۇرۇلمىسىنى تاپالماپتۇ، شۇڭا غاردىكى كىشىلەرنى ساراسىمىگە سالىدىغان غىلتە ھادىسىلەر يەنىلا يېشىلمىگەن سىر بولۇپ تۇرماقتا.



# ئادەمنىڭ بويىنى ئېگىزلىتەلەيدىغان تاش بارمۇ؟



ئامېرىكىنىڭ كالىفورنىيە شتاتىنىڭ سانت تالكس بازىرى ئەتراپىدا ئىنتايىن سىرلىق بىر يەر بار. ئالىملار بۇ يەردە ئىككى تىلسىم تاشنى بايقىغان. ئادەم بىر تاشنىڭ ئۈستىگە چىقسا شۇ ھامان بويى ئېگىزلەپ گوياكى گىگانت ئادەمدەك كۆرۈنىدىكەن. يەنە بىر تاشقا دەسسىسە بويى پاكالاپ، گويا پەتەكلىك كېسىلىگە گىرىپتار بولغاندەكلا بولۇپ قالىدىكەن. ئادەم تاشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئەسلىگە كېلىپ قالىدىكەن، بەدىنىدىمۇ ھېچقانداق غەيرىيلىك ھېس قىلمايدىكەن، نۇرغۇن ئالىملار بۇنى تەتقىق قىلىپ كۆرگەن بولسىمۇ بۇ ئىككى سىرلىق تاشنىڭ سىرىنى يېشەلمەيۋاتىدۇ.



## بۇ چوڭ ئازگالنى كىم ياسىغان؟



ئامېرىكىنىڭ غەربىدىكى قۇملۇق رايوندا دىئامېتىرى 1200 مېتىر، چوڭ-قۇرلۇقى 180 مېتىر كېلىدىغان بىر يۇمىلاق ئازگال بار، بۇ ئازگالنىڭ قىرلىرى خۇددى ئاي يۈزىدىكى ھالقى-سىمان تاغدەك كۆتۈرۈلۈپ تۇرىدۇ. دەسلەپتە كىشىلەر ئۇنى ئۆچكەن يانار تاغ دەپ قارىغان؛ كېيىن بەزى ئا-لىملار ئۇ گازنىڭ ئېتىلىپ چىقىشى-دىن پەيدا بولغان، دەپ قارىدى؛ ھازىر نۇرغۇن ئالىملار ئۇنى مېتېئورىت تۆمۈر ئازگىلى دەۋاتىدۇ، لېكىن ئاز-گالدا مېتېئورىت تۆمۈر بار - يوقلۇقى-نى ئالىملار ئىلگىرىلەپ تەكشۈرۈش ئېلىپ بارمىسا بىلگىلى بولمايدۇ.



## نېمە ئۈچۈن ئاسماندىن جانىۋارلار ياغىدۇ؟







ئاسماندىن قار ـ يامغۇرلارنىڭ يېغىشى نورمال ئىش. لېكىن نۇرغۇن رايونلاردا ئاسماندىن جانىۋارلار ياغدىغان ئىشلار بولغان. بەزى رايونلاردا پاقا، بەزى رايونلاردا بېلىق ياغقان، يەنە بەزى رايونلاردا نامى نامەلۇم جانىۋارلار ياغقان. ئالىملار بۇنى قارا قۇيۇن يۆتكەپ كەلگەن، دەپ قارايدۇ. لېكىن بەزىلەر پاقا ياغقاندا نېمە ئۈچۈن لاي ۋە باشقا ئۇششاق ـ چۈششەك نەرسىلەرمۇ تەڭ ياغمايدۇ. قارا قۇيۇندا شۇنداق نەرسىلەرمۇ كۆپ بولاتتىغۇ؟ دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدى. بۇ مەسىلىلەر ئالىملارنى چوڭقۇر ئويغا سالماقتا.

## نېمە ئۈچۈن تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش بولىدۇ؟

يېڭى توي قىلغان ئەر - خوتۇن شېرىن ئاي ئۆتكۈزگەندە ئېھتىياتسىزلىقتىن ئۈزۈكىنى سۇغا چۈشۈرۈۋېتىپتۇ. 25 يىلدىن كېيىن بۇ ئىككىسى ئۇ يەرگە بېرىپ توي خاتىرە كۈنىنى تەبرىكلەپتۇ. كەچلىك تاماق يەۋاتقاندا بېلىقنىڭ قورسىقىدا يۇتۇپ كەتكەن ئۈزۈكنىڭ تۇرغانلىقىنى بايقاپتۇ. تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش بولۇپ تۇرىدۇ، شۇغىنىسى بۇنداق تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىش ئادەمنى ئىنتايىن ھەيران قالدۇرىدۇ. تۇرمۇشىمىزدىكى بۇنداق توغرا كېلىپ قېلىشنى مۇئەييەن قانۇنىيەت باشقۇرۇپ تۇرامدۇ؟ ياكى ئېغىزغا ئالغۇدەك قانۇنىيەت يوقمۇ؟ ھازىر نۇرغۇن ماتېماتىكلار ۋە ئالىملار تاسادىپىي توغرا كېلىپ قېلىشنىڭ ئېھتىماللىقىنى تېپىش ئۈستىدە ئىزدەنمەكتە. ئەمما ھازىر كىشىلەر ھېسابلاپ چىققان نەتىجە بىلەن ئەمەلىيەتتىكى توغرا كېلىپ قېلىشنىڭ دەرىجە سانى ئوتتۇرىسىدا پەرق ناھايىتى چوڭ بولماقتا.



## نېمە ئۈچۈن يانار تاغ ئاغزى ئەتراپىدا مۇز بولىدۇ؟

ئىسلاندىيە ئارىلىنى قېلىنلىقى 1600 مېتىردىن ئارتۇق مۇزلۇق قاپلاپ تۇرىدۇ. مۇزلۇقنىڭ سانى پۈتكۈل ياۋروپادىكى باشقا مۇزلۇقلارنىڭ ئومۇمىي يىغىندىسىغا تەڭ كېلىدۇ. ۋەھالەنكى،



ئىسلاندىيىنىڭ مەركىزي رايونىغا 200 دىن ئارتۇق يانار تاغ جايلاشقان بولۇپ، ئۇلاردىن ئېتىلىپ چىققان ماگما ئىسلاندىيە زېمىنىنىڭ 1/10 نى قاپلايدۇ. يانار تاغدىن ئېتىلىپ چىققان ماگما مۇز كۆچكەندىكى مۇز پارچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ تۆۋەنرەك جايلاردا مۇز سۈيىدىن ھاسىل بولغان كۆللەرنى پەيدا قىلىدۇ. يانار تاغنىڭ ئەتراپىنى مۇزلۇق قاپلىغان، مۇزلۇقنىڭ ئوتتۇرىسىدا يانار تاغ تۇرغان بۇ مەنزىرە ناھايىتى غەلىتە بولۇپ، كىشىلەر ھازىرغىچە يانار تاغ ئاغزى ئەتراپىدا نېمە ئۈچۈن مۇز تۇرالايدىغانلىقىنى بىلىپ بولالمىدى.



## نېمە ئۈچۈن بېلىق قىزىق سۇدىمۇ ياشىيالايدۇ؟



بىر فرانسىيىلىك ئېكسپېدىتسىيىچى زېزو ئارىلى ئەتراپىدا تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىۋاتقاندا ئېھتىياتسىزلىقتىن كېمىسى ئاغدۇرۇلۇپ كېتىپ، ئۈزۈپ ئارالغا چىقىۋېلىپ پاناھلىنىپتۇ. ئارالدىكى بىر كۆلچەكتە قېتىپ قالغان بىرنەچچە تال بېلىقنى كۆرۈپ، قورسىقىنى تويغۇزۇش ئۈچۈن بۇ بېلىقلارنى سۇزۇۋېلىپ پىشۇرۇپتۇ. سۇنىڭ تېمپېراتۇرىسى 60℃ ~ 50℃ قا يەتكەندە غەلىتە ئەھۋال يۈز بېرىپ بېلىق تۇساتتىن مىدىراپتۇ ۋە قىزىق سۇدا پىلتىڭلاپ ئۈزۈشكە باشلاپتۇ. ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدىغىنى، بۇ بېلىقلار نورمال سۇدا مۇزلاپ قېتىپ قالىدىكەن ـ يۇ، قىزىق سۇدا يايراپ كېتىدىكەن. ھازىر نۇرغۇن ئالىملار بۇ رايوندا تەتقىقات ئېلىپ بېرىۋاتىدۇ، بۇ سىرنىڭ بالدۇرراق يېشىلىشىنى ئۈمىد قىلىمىز.





## نېمە ئۈچۈن غار ئاۋاز تارقىتالايدۇ؟





ئىتالىيىدىكى سىتسىلىيىدە ئاۋاز تارقىتالايدىغان بىر غار بار. بۇ غار «دىئونسىياسنىڭ قۇلىقى» دەپمۇ ئاتىلىدۇ. چۈنكى قەدىمكى دەۋردىكى زوراۋان پادىشاھ دىئونسىياس بۇ يەردە گۇناھكارلارنىڭ گەپلىرىنى تىڭتىڭلايدىكەن. بۇ غارنىڭ چوڭقۇرلۇقى 40 مېتىر بولۇپ، غارنىڭ ئاغزىغا قۇلاقنى يېقىپ تۇرسا، غاردىكىلەرنىڭ تىنىقىنىمۇ ئاڭلىغىلى بولىدىكەن، بۇ ھەقىقەتەنمۇ بەك سىرلىق ئىش. نۇرغۇن ئالىملار بۇ غارنى تەتقىق قىلىپ ھېلىھەم جاۋاب تاپالمىدى.



## نېمە ئۈچۈن شىننۇڭجادا ئاق رەڭلىك ھايۋانلار كۆپ؟

تەبىئەت دۇنياسىدا ئاق رەڭلىك ھايۋانلار تولىمۇ ئاز. لېكىن كىشىلەر شىننۇڭجا رايونىدا 20 خىلدىن ئارتۇق ئاق رەڭلىك ھايۋان- نى، ئالايلۇق، ئاق ئېيىق، ئاق بۆرە، ئاق مايمۇن، ئاق يىلان، ئاق تىيىن، ئاق تاشپاقا، ئاق ئۆمۈچۈك، ئاق بۈركۈت، يەنە ئاق «توقۇناق قاغا»نى بايقىدى. ئالىملار بۇ يەردىكى بۇ ئاق ھايۋانلار شۇ جايىنىڭ يەر تۈزۈلۈشى، سۈيى، ھاۋا رايى ۋە مۇھىتى قاتارلىق ئامىللىرىنىڭ تەسىرىگە ئۇچرىغان، دەپ قارىدى، لېكىن ھازىرغىچە مۇ- ئەييەنلەشتۈرۈلمىدى.







## نېمە ئۈچۈن بەزى جايلاردا ئوتياش ئالاھىدە چوڭ بولىدۇ؟

ئامېرىكىنىڭ مېتىنكا تاغ جىلغىسى بىلەن سابىق سوۋېت ئىتتىپاقىنىڭ ئالياسكا ئارىلىدا ئوتياش تولىمۇ چوڭ بولىدۇ، كاپۇستا 30 كىلوگرام، ياڭيۇ ۋاسكىتبول توپىدەك چوڭىيىدۇ، كۆك پۇرچاق ئىككى مېتىر ئۆسىدۇ. بىرەيلەن چوڭىيىدىغان بۇ ئوتياشلارنى باشقا جايغا ئاپىرىپ تېرىپ باققان، بىراق ئىككى يىل ئۆتمەيلا ئادەتتىكى ئوتياشلاردىن پەرقلەنمەيدىغان بولۇپ قالغان. بەزىلەر بۇ كىلىمات بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېسە، بەزىلەر مېرىدىئان بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر كۈن نۇرى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دەيدۇ. لېكىن ھازىرغىچە قايىل بولغۇدەك سەۋەب تېپىلمىدى.







## نېمە ئۈچۈن دېڭىز - ئوكيان جانلىقلىرى تاتلىق سۇ جانلىقلىرى بىلەن بىللە ياشىيالايدۇ؟



سىبىرىيە ئېگىزلىكىدە بايقال كۆلى دېيىلىدىغان سىرلىق كۆل بار، ئۇ دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ تاتلىق سۇ ئامبىرىدۇر. بۇ كۆلدە مىڭدىن ئارتۇق تاتلىق سۇ ئۆسۈملۈكلىرى بار. ۋەھالەنكى، نەچچە يۈز مىليون يىل بۇرۇنقى تاشقا ئايلانغان ئۆسۈملۈكلەرمۇ بار. ئازراقمۇ تۇز تەمى يوق بۇ كۆلدە يەنە ھەقىقىي دېڭىز - ئوكيان جانلىقلىرىدىن دېڭىز يىلپىزى، بۇلۇت ۋە راك قاتارلىقلارمۇ ياشايدۇ. ھەم دېڭىز - ئوكيان جانلىقلىرى، ھەم تاتلىق سۇ جانلىقلىرى بىللە ياشايدىغان بۇ كۆلنىڭ سىرىنى ھازىرغىچە ھېچكىم يېشىپ بېرەلمىدى.

## نېمە ئۈچۈن قەرەللىك يامغۇر ياغىدۇ؟

بىرازىلىيىدە بار دەيدىغان بىر كىچىك بازار بار، ئۇ دائىم يامغۇر يېغىپ تۇرغاچقا يامغۇر سۈيىگە تويۇنغان جاي. بازاردا ھەر كۈنى نەچچە رەت يامغۇر يېغىپ تۇرىدۇ، يامغۇر يېغىش سانى ۋە ۋاقتى ئاساسەن ئوخشاش بولىدۇ. ئۇ يەردىكى كىشىلەر ئادەتتە يامغۇرغا قاراپ ۋاقىت ھېسابلايدۇ، دوستلار ئۇچرىشىشنىمۇ شۇنداق بولىدۇ، ئالايلى، ئۇلار چۈشتىن بۇرۇنقى 2 ـ قېتىملىق يامغۇردىن كېيىن ياكى چۈشتىن كېيىن 1 ـ قېتىملىق يامغۇردىن كېيىن كۆرۈشەيلى، دەپ كېلىشىدۇ، ھەر قېتىملىقى ناھايىتى توغرا چىقىدۇ. ئالىملارنىڭ بۇ يامغۇرنىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ئۈستىدىكى قاراشلىرى ھەر خىل، ھازىرغىچە بىردەك جاۋاب يوق.



## نېمە ئۈچۈن راھىبلاردا «سارىرا» كۆرۈلىدۇ؟



بەزى راھىبلار ئالەمدىن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇلارنىڭ جەسىتى كۆيدۈرۈلسە سارىرا يەنى جەسىتى شاخارغا ئايلىنىپ قالىدىغان ئەھۋال كۆرۈلىدۇ. ساداقەتمەن مۇرىتلار سارىرانى راھىبلارنىڭ كامالەتكە يەتكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى، دەپ قارايدۇ. نۇرغۇن ئالىملار سارىرانىڭ پەيدا بولۇش سەۋەبلىرى ئۈستىدە تەتقىقات ئېلىپ بېرىپ، بەزىلىرى ئۇ راھىبلارنىڭ يېمەك - ئىچمىكى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشسە، بەزىلىرى راھىبلارنىڭ ئىبادەت قىلغاندا قۇياش نۇرىدا قانچىلىك ئولتۇرغانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك دېيىشىدۇ.





## نېمە ئۈچۈن «سارىرا» نۇر چاچىدۇ؟



سارىرانىڭ كۆپىنچىسى كەچ كىرگەندە بەزىدە ئاچ سېرىق، بەزىدە بىنەپشە، بەزىدە گۈل رەڭ نۇرلارنى چىقىرىدۇ. سارىرادىن چىقىۋاتقان بۇ نۇرلار تولىمۇ چىرايلىق ۋە ھەيران قالارلىق بولۇپ نۇرغۇن ئالىملار تەتقىق قىلىپ ئۇنىڭ سىرىنى يېشەلمىدى.



## نېمە ئۈچۈن «پاپىلار دۆلىتى»دىكى كىشىلەرنىڭ ھەممىسى بەك پاكار بولىدۇ؟

ئافرىقىنىڭ ئىسسىق بەلۋاغ ئورمانلىقىدا بىر «پاپىلار دۆلىتى» بار. ئۇ يەردىكى بىگمىلارنىڭ بوي ئېگىزلىك 1.2 ~ 1.4مېتىر ئىكەن. بەزى ئالىملار بۇ خىل پاكارلىقنى مۇھىت كەلتۈرۈپ چىقارغان دېسە، يەنە بەزى ئالىملار ئۆستۈرگۈچى ھورمۇن مىقدارىنىڭ يېتەرسىزلىكى كەلتۈرۈپ چىقارغان دەيدۇ. بىراق بۇنىڭ سەۋەبى زادى نېمە ئىكەنلىكىنى كىشىلەر يەنىلا بىلىپ بولالمىدى.









## دۇنيادا گىگانت ئادەملەر دۆلىتى بولغانمۇ؟



نۇرغۇن ئەسەرلەردە گىگانتلار توغرىسىدا خاتىرىلەر بار. بۇنداق ئادەملەرنىڭ بويىنىڭ ئېگىزلىكى 2.5 مېتىردىن ئارتۇق ئىكەن. بىرەيلەن بۇ ئادەملەرنىڭ بەزىبىر سۆڭەكلىرىنى تېپىۋالغانىكەن ۋە بۇنىڭغا ئاساسەن بەدەن ئېغىرلىقى 500 كىلوگرامدىن ئاشىدىكەن، دەپ قىياس قىلغانىكەن. بىراق بەزىلەر بۇ سۆڭەكلەر تەدرىجىي تەرەققىي قىلىپ ئىنسانلارغا ئايلانمىغان گىگانت مايمۇنلارنىڭ سۆڭىكى، دېيىشىۋاتىدۇ. نۆۋەتتە كىشىلەر بۇنى ئىلگىرىلەپ تەتقىق قىلىۋاتىدۇ.



## نېمە ئۈچۈن ئادەم تېنى نۇر قويۇپ بېرىدۇ؟

سابىق سوۋېت ئىتتىپاقى ئالىملىرى ئەر ـ خوتۇن كىشىلىلىانوۋلار يۇقىرى چاستوتا، يۇقىرى بېسىملىق ئېلېكتر مەيدانىدا سۈرەت تارتىش تېخنىكىسىدىن پايدىلىنىپ تىرىك ئادەم تېنى ئەتراپىدا مۇئەييەن رىتىمدا قويۇپ بېرىلىدىغان رەڭلىك نۇر ھالقىسى ۋە نۇر نۇقتىسى بولىدىغانلىقىنى بايقىغان. نۇرغۇن ساھەلەردىكى ئالىملار بۇ ھادىسىگە قىزىققان بولسىمۇ، بىراق ئادەم تېنى نۇر قويۇپ بېرىدىغان بۇنداق سىرنى يېشەلەيدىغان ئادەم چىقمىدى.



## دۇنيادا كۆك تەنلىك ئادەملەر بارمۇ؟





نۇرغۇن كىشىلەر دۇنيادا كۆك تەنلىك ئادەم بارلىقىغا ئىشەنمەيدۇ، بىراق كۆك تەنلىك ئادەملەر بار. كىشىلەر سەھرايى كەبىر قۇملىقىدا بىر توپ كۆك تەنلىك ئادەملەرنى بايقىغان ۋە ئۆز كۆزىگە ئىشەنمەي قالغان. چۈنكى كۆك تەنلىكلەر باشقا ئادەملەر بىلەن ئۇچرىشىشتىن ئۆزىنى ئەپقاچقانلىقى ئۈچۈن كىشىلەر ئۇلارنىڭ تېنىنىڭ نېمە ئۈچۈن كۆك بولۇپ قالغانلىقىنى تا ھازىرغىچە بىلەلمىدى.



## نېمە ئۈچۈن كېمىچىلەر كېمىنى تاشلاپ قاچقان؟

كىشىلەر دائىم دېڭىز - ئوكيانلاردا ئادەمسىز كېمىنىڭ لەيلەپ يۈرگەنلىكىدەك ئاجايىپ ئىشلارنى كۆرۈپ تۇرىدۇ، بۇ كېمىلەر زىيان - زەخمەتكە ئۇچرىمىغان، زور مىقداردا يېمەكلىك ۋە تاتلىق سۇ ساقلانغان، ھەتتا پۇل - پۈچەك، زىبۇ - زىننەت قاتارلىقلارمۇ يوقالمىغان ھالدا بولىدۇ. كېمىچىلەر نەگە كېتىشكەن؟ نېمە ئۈچۈن كېمىنى تاشلاپ قاچقان؟ بەزىلەر ئۇلار دېڭىزدا قارا قۇيۇنغا يولۇقۇپ كېمىنى تاشلاپ قاچقان بولۇشى مۇمكىن دەيدۇ؛ بەزىلەر ئۇلار ئوت ئاپىتى قاتارلىق ۋەقەلەرگە يولۇقۇپ قاچقان بولۇشى مۇمكىن، دەيدۇ؛ يەنە بەزىلەر دېڭىز بورىنى پەيدا قىلغان ئاۋاز دولقۇنى كىشىلەرنىڭ نېرۋىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇۋېتىپ ئۇلارنى مۇشۇ ھالغا چۈشۈرۈپ قويغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ قارايدۇ.





## نېمە ئۈچۈن ئاسمان تۇيۇقسىز قاراڭغۇلىشىپ كېتىدۇ؟







1980 - يىلى 19 - ماي ئەتىگەندە ئامېرىكىنىڭ يېڭى ئىنگلىند بوز يەر رايونىدا ھاۋا ئوچۇق، ھەممە نورمال ئىدى. چۈشتىن بۇرۇن سائەت ئونلاردا تۇيۇقسىز يەر - جاھاننى بەئەينى زۇلمەتلىك كېچىدەك قاراڭغۇلۇق قاپلاپ كەتتى. بۇ ھال ئەتىسى تاڭ سەھەرگىچە داۋاملىشىپ كىشىلەر ۋەھىمە ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭدىن باشقا، جۇڭگو، ئەنگلىيە قاتارلىق جايلاردىمۇ كۈندۈز تۇيۇقسىز كېچىگە ئايلىنىپ كېتىدىغان ئەھۋاللار يۈز بەردى. بۇ غەيرى ھادىسە ئۈستىدە ئالىملارنىڭ غۇلغۇلىسى ھەر خىل بولسىمۇ، كىشىلەرنى ئىشەندۈرگۈدەك جاۋاب بولمىدى.

مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: ئازات بارات

ئۈزۈمز Play™
robot
ئۈزۈمز بىلىم خەزىنىسى

ISBN 978-7-80744-868-6
9 787807 448686 >
定 价:10.00 元